10
2014

# يېزا پەن - تېخنىكىسى



农村科技

«شىنجاڭ ئالتۇن زېمىن ئۆي - مۈلۈكچىلىك تەرەققىيات
چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» نىڭ باش مۇدىرى،
مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى ——— غوجائابدۇللا ساۋۇر

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
10>
9 771004 109006

# دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلەپ جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدۇ



مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ھەلىمە تۇرسۇن 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىدىن 30 ـ
كۈنىگىچە خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسى خېنبې كەنتى، گازون كەنتى، باشتېرەك كەنتى ۋە قارقاش
ناھىيە جاھانباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق جايلاردا 3000 گە يېقىن ھەر ساھەدىكى
قېرىنداشلارغا «دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت
بەرپا قىلايلى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە
دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

باھارگۈل ئەمەت فوتوسى ۋە خەۋىرى

2014 ـ يىل 10 ـ سان
(ئومۇمىي 354 ـ سان)

يېزا ئېگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

تەرخەمەكنى ئۇلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ..........ئەمرۇللا سەيدۇللا قاتارلىقلار (1)
كېۋەزنى خىمىيەلىك تىزگىنلەشتىكى مۇھىم نۇقتىلار...............ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم (3)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا پىدىگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ..............................يۈسۈپ نۇردۇن (6)
پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ...........................قەمبەرنىسا ئىمىن (9)
پارنىك ياساشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...........................ئەكبەر قېيۇم (14)

## ئوغۇت تۇپراق

بىر قىسىم زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇپراقنى دېزىنفېكسىيەلەش رولى ......ھۆرنىساخان غوجاشىم (15)
چىلاننى كۈزدە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ..........................رەيھانگۈل كېرىم قاتارلىقلار (17)

## باغۋەنچىلىك

ئەنجۈر ئۆستۈرۈشتىكى ئىككى مۇھىم نۇقتا..........................زەينۇر ئېزىز (19)
ئۆلىغان ياڭاقنىڭ تۈتۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .......مەنىساگۈل مەمتىمىن (21)
ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى .........................ھاۋاگۈل يىمىت (22)
ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى خاتا مەشغۇلاتلار.......................تۇرغۇن ئەمەت (23)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

پارنىكتىكى كۆدىدە كۆرۈلىدىغان كۈل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...............................گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز (25)
ئۈزۈمنىڭ ئاق توزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..........گۈلنۇر ئابدۇرېھىم (26)
كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىغا ئۈششۈك تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..........................................توختاشگۈل ئېلى قاتارلىقلار (27)
كۆكتات يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ....ئارزۇگۈل رېھىم (29)

## سۇچىلىق

ناھىيەمىزدە سۇ تەقسىملەشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ........................................................ئەخمەتنىياز ئەبەيدۇللا (33)
سۇغىرىش سىستېمىسىدىكى ئىنشائاتلارنىڭ تېپىنى تاللاشنىڭ مۇھىم تەلىپى .....ئەكبەر قېيۇم (36)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

قىشتا قوزىلارنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..........................رەيھانگۇل توختى (37)
چاشقان دورىسىدىن زەھەرلەنگەن قويلارنى داۋالاش ..........................ياسىن ھەبىبۇل (38)
كۆزدە قوي بېقىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار..........................ياسىن تۇرسۇن (39)
بورداق قويلاردىكى سېرىق چۇشۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..............ساۋۇت رىشىت (42)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ تۇرلىرى، تۇزۇلۇشى ۋە ئىشلەش پرىنسىپى.....نۇرمەمەت ياسىن (43)
ئۇششاقلاش ماشىنىسى مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار..................باھارگۇل تۇرۇپ قاتارلىقلار (46)

## يېزا ئېنېرگىيەسى

پاتقاق گازى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..........................رەھمۇتۇللا ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار (48)

## بىلىۋېلىڭ

ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى يىغىپ ساقلاش ئۇسۇلى ..................................ئايشەمگۇل تاش قاتارلىقلار (49)

## تۆھپىكارلار

شەرەپ قۇچقان قابىل دېھقان كارخانىچى ....................ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش (51)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ...............(58)

## يېزا ئەدەبىيات - سەنئىتى

رۇبائىيلار..........................................................ئابدۇللا روزىمۇھەممەت (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2014年第10期
总354期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

黄瓜嫁接育苗技术……艾米热拉·赛都拉等(1)
棉花化学控制要点……阿孜古丽·阿不都热依木(3)

## 设施农业

温室茄子栽培技术要点……于苏甫·奴尔东(6)
温室樱桃栽培技术……坎白沙·衣明(9)
建造温室注意事项……艾克帕尔·克依木(14)

## 土壤肥料

有毒植物消毒土壤作用……吾尔尼沙汗．吾吉阿西木(15)
红枣秋季施肥方法……热汗古丽．克力木等(17)

## 园艺特产

无花果栽培技术要点……再努尔·艾孜孜(19)
提高核桃嫁接成活率要点……曼沙古丽·买买提明(21)
核桃种子育苗技术……阿瓦古丽·依米提(22)
葡萄栽培过程常见的错误操作……吐尔洪·艾买提(23)

## 植物保护

大棚韭菜灰霉病防治方法……古汗尼沙·吐孙尼亚孜(25)
葡萄白粉病防治方法……古丽努尔·阿布都热依木(26)
冬小麦苗期冻害防治措施……托乎达西古丽·艾力等(27)
潜叶蝇防治方法……阿孜古丽·热依木(29)

## 农田水利

配水工作存在的问题及解决措施……艾合买提尼亚孜·艾拜杜拉(33)

灌溉系统合理挑选水利设施要点 ……………… 古力巴哈儿·阿西木(36)

## 畜牧兽医

冬季羔羊饲养管理要点 ………………………… 热汗古丽·托乎提(37)
绵羊误食鼠药急救措施 ………………………… 亚森·艾比布拉(38)
秋季养羊注意事项 ………………………………… 亚生·吐松(39)
育肥绵羊黄脂病防治措施 ……………………… 沙吾提·热西提(42)

## 农业机械

棉花加工机分类、结构及工作原理 …………… 努尔买买提·亚森(43)
使用粉粹机注意事项 ……………………… 巴哈尔古丽·吐鲁甫等(46)

## 农村能源

使用沼气注意事项 ………………… 热合木吐拉·阿布都瓦力等(48)

## 百科知识

草种子贮存方法 ………………………………… 阿依夏木·塔西等(49)

## 时代先锋

争光农民企业家 ……………………… 吾布力卡斯木·买提尼牙孜(51)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ………………………………………(58)

## 农村文艺

农民之诗 ………………………………………… 阿布都拉·肉孜买买提(59)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 – 1095
国内统一刊号：CN 65 – 1046 / S – W
邮 政 代 码：58 – 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# تەرخەمەكنى ئۆلاپ مايسا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

ئەمرۇللا سەيدۇللا ئامىنىگۈل ئۆمەر
(خوتەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 848000)

**1. تەرخەمەك ئۇرۇقىنى تېرىشتىن ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىش:** ئاۋۋال ئۇرۇقنى 55℃ لۇق سۇغا ئۇدۇللۇق چىلاپ ئۇدۇللۇق ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇقتا ئىسسىقلىقنىڭ تەكشى ئۆتۈشىگە ھەم ئاستىغا چۆكۈۋالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، يەنە 30 مىنۇت ئەتراپىدا ئارىلاشتۇرۇپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ئۈچ سائەت ئەتراپىدا سۇغا چىلاش لازىم. ئاندىن ئۇرۇقنى سۇزۇپ ئېلىپ پاكىز چايقاپ نەم لاتىغا ئوراپ 20℃ ـ 30℃ تېمپېراتۇرىدا بىخلاندۇرۇپ، %80 ئۇرۇقنىڭ بىخى كۆرۈلگەندە تېرىلىدۇ. تەرخەمەك ئۇرۇقنى تېرىپ 3 ـ 4 كۈندىن كېيىن كاۋا ئۇرۇقى تېرىلىدۇ، كاۋا ئۇرۇقنى 1 ـ 2 كۈن ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن تەرخەمەك ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىپ تېرىلىدۇ.

**2. ئوزۇقلۇق توپىسىنى تەييارلاش:** ئادەتتە بازاردىن تەييار ئوزۇقلۇق توپىسى سېتىۋېلىپ مايسا يېتىشتۈرسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر شارائىت يار بەرسە تۆپرىقى مۇنبەت، كېسەللىك، ھاشارات بولمىغان بۇغداي، قوناق ئېتىزى ياكى غولپىياز، سامساق ئېتىز توپىسىدىن ئالتە ئۈلۈش، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى قىغىدىن تۆت ئۈلۈش ئېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر كۇب مېتىر ئوزۇقلۇق توپىسىغا ئازوت، فوسفور، كالىي ئارىلاشما ئوغۇتتىن بەش كىلوگىرام ئارىلاشتۇرۇلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئۇندىن باشقا %50 لىك باۋىستىن (多菌灵) 100 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ.

**3. مايسا يېتىشتۈرۈش سايمانلىرىنى تەييارلاش:** مايسا يېتىشتۈرۈشتە 50 ۋە 70 تۆشۈكلۈك ئۇۋىلىق پەتنۇس ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە بىر ئۇۋىغا 1 ـ 2 تال ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ئۇرۇقنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستى ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئوزۇقلۇق توپىسى بىلەن كۆ-

مۇپ ئۈستىدىن قانغۇچە سۇ قويۇپ، ئاندىن يالتىراق بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. كاۋا ئۇرۇقىنى 3 ـ 4 كۈندىن كېيىن ئايرىم بولغان 8×8 لىك ئوزۇقلۇق قاچىلىرىغا تېرىسا بولىدۇ، تېرىش ئۇسۇلى تەرخەمەك ئۇرۇقىنى تېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشايدۇ.

**4. ئۇلاشتىن ئاۋۋالقى باشقۇرۇش:** ئۇلاشتىن ئاۋۋال سۇغىرىشقا، ئوغۇتلاشقا بولمايدۇ. ۋاقتىدا هاۋا بېرىش، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش، كۈندۈزدە تېمپېراتۇرىنى 25℃ ـ 30℃ ئەتراپىدا، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك. تەرخەمەك بىرىنچى ھەقىقىي يوپۇرماق چىقىرىپ يوپۇرمىقى يېيىلغان ۋاقىتتا، كاۋا مايسىسى پەللە يوپۇرمىقى پۈتۈنلەي يېيىلىپ ئېچىلغان ۋاقىتتا ئۇلاش لازىم، ئۇلاش ۋاقتى تەخمىنەن كاۋا ئۇرۇقى تېرىلىپ 7 ـ 10 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇلاش ئۇسۇلى: ئادەتتە تەرخەمەك ئۇلاش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل، تۆۋەندە بىر كۆپرەك قوللىنىلىدىغان چاتما ئۇلاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنى تەييار قىلىۋالىمىز، مەسىلەن: تىغ، قىسقۇچ، قەغەز، ئورۇندۇق قاتارلىقلار. ئالدى بىلەن كاۋىنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنى بىر تال پەللە يوپۇرمىقى بىلەن قوشۇپ ئاستىغا بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا 35 ـ 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. كېسىش يۈزى مايسا تۈپى تومۇلۇقىنىڭ 1/2 قىسمىچىلىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئاندىن تەرخەمەك مايسىسىنىڭ پەللە يوپۇرماق قىسمىدىن ئاستىغا 1.5 ـ 2 سانتىمېتىر بولغان ئورۇندىن 30 ـ 40 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ كېسىۋېتىلىدۇ. كېسىش يۈزى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ، ئاندىن ئۇلاق ئاستى ۋە ئۇلاق ئۈستى كېسىلگەن ئورۇنلارنى بىر ـ بىرىگە جىپسىلاپ قىسقۇچ بىلەن قىسىپ قويسا بولىدۇ،ئۇلاق ئاستى بىلەن ئۇلاق ئۈستى پەللە يوپۇرمىقىنىڭ كىرىس شەكلىدە بولۇشىغا، بۇ جەرياندا ئۇلاش مەشغۇلاتلىرىنىڭ تېز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# كېۋەزنى خىمىيەلىك تىزگىنلەشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842100)

كېۋەزنى خىمىيەلىك تىزگىنلەش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا قوللىنىۋاتقان، غوزا سانىنى كۆپەيتىپ، پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشتىكى بىر تۈرلۈك ئومۇملاشقان مەھسۇلات ئاشۇرۇش تېخنىكىسى بولۇپ، بۇ تېخنىكىنى كەڭ پاختىكارلار ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىپ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشمەكتە.

تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەز ئېتىزلىرىدا ئاساسلىقى كېۋەزنى مايسا مەزگىلىدە تېمىتىپ سۇغىرىشتىن بۇرۇن ياكى كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) ئىشلىتىلىپ كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى خىمىيەلىك تىزگىنلىنىدۇ. مايسا مەزگىلىدە ئۈچ يوپۇرماق بولغاندىن تارتىپ ئالتە يوپۇرماق بولغانغا قەدەر كېۋەز مايىسىسى

**5. ئۇلىغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى:** ئۇلاپ بولغان مايسىلارنى پارنىك ئىچىدە ئەگمە لاپاس ياساپ ئىچىگە قويۇپ ئۈستىنى سايا چۈشۈرۈش تورى بىلەن سايە چۈشۈرۈش لازىم. نەملىك تۆۋەن بولسا ئاستىدىن سۇ قويۇش، ئۈستىدىن سۇ چاچماسلىق كېرەك، ئۇلانغان مايسىلارغا ئۈچ كۈن ئىچىدە ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا، يورۇقلۇق چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەر كۈنلۈكى بىر سائەتتىن ئاشۇرۇپ كۈن نۇرى چۈشۈرۈش، ھەپتىدىن كېيىن كۈن نۇرى توسۇش تورىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىش كېرەك. ئالدىنقى ئۈچ كۈن ئىچىدە نەملىكنىڭ يۇقىرى بولۇشى ھەمدە كۈن نۇرى چۈشمەسلىكى ئىنتايىن مۇھىم، بۇ مەزگىلدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 30℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرىنى 15℃ ـ 20℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىش، ھەپتىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. (03)

زىيادە ئۆسۈپ كەتكەن ئېتىزلارنىڭ ھەر موسىغا بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 0.2 ـ 0.5 گىرام دورىنى ئېرىتىپ ئانا ئېرىتمە تەييارلىۋېلىپ، ئاندىن بۇنى 30 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، كېۋەز مايسىسىغا تەكشى پۈركۈپ ئۆسۈشى كونترول قىلىنىدۇ، يوپۇرماق ئوغۇتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ پۈركىسىمۇ بولىدۇ. سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ ئوغۇت بېرىش ۋاقتىدا باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن كېۋەز ئېتىزلىرىغا قارىتا كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بوغۇم قىسقارتىش دورىسى پۈركۈپ خىمىيەلىك تىزگىنلەش زۆرۈر.

كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزگەندىن كېيىنكى 6 ـ 8 كۈن ئىچىدە يەنە بىر قېتىم دورا مىقدارىنى ئاشۇرۇپ خىمىيەلىك تىزگىنلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەر موسىغا 5 ـ 7 گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى ئىشلىتىلىپ، ئۇچىنىڭ ئۆسۈشى، يان شاخ ۋە ئارتۇق بىخنىڭ ئۆسۈشى تىزگىنلىنىپ، ئۈستى تەرەپتىكى مېۋە شېخىنىڭ غوزىلاش نىسبىتى يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ. كېۋەزنى خىمىيەلىك تىزگىنلەشتە ئادەتتە كېۋەزنىڭ تۈپ ئېگىزلىكى 65 ـ 75 سانتىمېتىر ئارىلىقتا كونترول قىلىنىدۇ. تۈپى بەك پاكار بولۇپ قالسا مېۋە شاخ سانى ئازلاپ، يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولمايدۇ. تۈپ بەك ئېگىز بولسا پەرۋىشى قىيىن بولىدۇ، كېۋەز تۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غوزا شەكىللەنمەي مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىدۇ.

كېۋەز سورتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىغا بولغان سەزگۈرلۈكىگە ئاساسەن، ئادەتتە تۆت قېتىم خىمىيەلىك تىزگىنلىنىدۇ: بىرىنچى قېتىم: مايسا 4 ـ 5 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان، تۈپ ئېگىزلىكى 10 ـ 12 سانتىمېتىر بولغان مەزگىلدە ھەر موسىغا بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 0.3 گىرام ئېلىپ ئانا ئېرىتمە تەييارلىۋېلىپ، ئاندىن 30 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن

كېۋەز مايىسىسىغا تەكشى پۈركۈپ، يېنىك دەرىجىدە تىزگىنلەش ئارقىلىق گۈل ئېچىلىشى ۋە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم: مايسا 7 ـ 9 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان، تۈپ ئېگىزلىكى 15 ـ 20 سانتىمېتىر بولغان مەزگىلدە ھەر مو يەرگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 0.5 ـ 0.8 گىرام ئېلىپ ئاۋۋال ئانا ئېرىتمە تەييارلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى 30 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كېۋەز مايىسىسىغا تەكشى پۈركۈپ ئۆسۈشى خىمىيەلىك تىزگىنلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى قېتىم: دەسلەپكى چېچەكلەش مەزگىلىدە، تۈپ ئېگىزلىكى 40 ـ 45 سانتىمېتىر بولغان مەزگىلدە، تۈنجى سۈيىنى قويۇشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەر ئۈچۈن 3 ـ 4 گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ئانا ئېرىتمە تەييارلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى 30 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كېۋەز تۈپلىرىگە تەكشى پۈركۈپ ئۆسۈشى خىمىيەلىك تىزگىنلىنىدۇ؛ تۆتىنچى قېتىم: ئۇچىنى ئۈزۈشتىن ئىلگىرى، تۈپ ئېگىزلىكى 65 ـ 75 سانتىمېتىر بولغان مەزگىلدە ئۇچىنى ئۈزۈپ بولۇپ، 5 ـ 7 كۈندىن كېيىن ھەر مو يەرگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 6 ـ 7 گىرامنى ئېرىتىپ ئانا ئېرىتمە تەييارلىۋېلىپ، ئاندىن بۇنى 30 كىلوگىرام سۇغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كېۋەز تۈپلىرىگە تەكشى پۈركۈلىدۇ. دورا پۈركۈگەندە دورا مىقدارى ئېشىپ كەتسە مېۋىلىك شاخنىڭ ئۆزىرىشىغا ۋە غوزا تۇتۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دورا مىقدارىنى تېخنىكا تەلەپ بويىچە ھەر قېتىم مۇۋاپىق تەڭشەپ پۈركۈش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەندە شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 7 ـ 10 غىچە، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ـ 6 گىچە بولغان ئارىلىقتا يامغۇر ياغمىغان، شامال چىقمىغاندا پۈركۈسە، ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، دورا زىيىنى كۆرۈلمەيدۇ. (02)

# بارىنكتا يېتىشتۈرۈلگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

يۈسۈپ نۇردۇن
(خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 848000)

**سورت تاللاش:** سورت تاللىغاندا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا، ئاجىز نۇردا نورمال ئۆسۈپ يېتىلەلەيدىغان، كېسەلگە چىداملىق، ئۆسۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مېۋە تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى، بالدۇر مېۋىگە كىرىدىغان، ئۆز رايونىدىكى كىشىلەر ئىستېمال قىلىشقا ماس كېلىدىغان سورتلارنى تاللاش لازىم.

**ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيەلەش:** ئۇرۇقنى 1% لىك مارگانسۇپ (高锰酸钾)، ئېرىتمىسىگە 30 مىنۇت چىلاپ ئېلىپ قايتىدىن سۇدا چايقاپ يۇيۇپ، ئاندىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلۇق سۇغا چىلاش لازىم، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1% لىك باۋىستىن (多菌灵) بىر سائەت چىلىغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ ئۈچ سائەت پاكىز سۇغا چىلىسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، بۇ ئۇسۇلدا پىدىگەننىڭ سارغىيىپ سولىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

**ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش:** ئۇرۇقنى ئالدى بىلەن 50℃ ـ 60℃ لىق ئىسسىق سۇغا 15 مىنۇت چىلاش، ھۆل لاتىدا بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئۇرۇقنى داسقا سېلىپ ئۈستىنى ھۆل لاتا بىلەن يېپىپ ئىسسىق يەرگە قويۇپ بىخلاندۇرۇش تېمپېراتۇرىنى ھەر كۈنى 20℃ ـ 30℃ تا 16 ـ 18 سائەتكىچە، 16℃ ـ 20℃ دا 6 ـ 8 سائەت كونترول قىلىپ 5 ـ 6 كۈن داۋاملاشتۇرۇش، نەملىك ۋە ھاۋا ئۆتۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىم ئۇرۇقنى ئۆرۈش، ئۇرۇق قۇرۇغدىلىپ قالغاندا سۇ سېپىش، 80% دىن يۇقىرى ئۇرۇق بىخلانغاندا تېرىش لازىم.

**تېرىش:** تېرىش زىچلىقى ئادەتتە كۆچۈرۈپ تىكىشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. كىچىك مايسا ۋاقتىدا كۆچۈرۈشتە ئادەتتە ھەر كىۋادرات مېتىرغا 35 ـ 40 گىرام ئۇرۇق تېرىش، 2 ـ 3 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا كۆچۈرۈشتە، ھەر كىۋادرات مېتىرغا 15 ـ 20 گىرام ئۇرۇق تېرىش، تېرىپ بولغاندىن كېيىن بىر سانتىمېتىر قېلىنـ.

لىقتا ئۇزۇقلۇق توپىسى بىلەن كۆمۈش، يېتىپ كېتىش كېسىلىنىڭ ئۇ-
نۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېرىغان ۋاقىتتا دورىلىق توپا تەييارلاپ
ئۈستىگە چېچىش، دورىلىق توپا ئادەتتە ھەر كىۋادرات يەرگە 15 كىلو-
گرام ئۇزۇقلۇق توپىغا 70% لىك بەش خلورلۇق بىنزول (五氯硝基) بى-
لەن 80% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) ياكى 80% لىك تىرام (福美双) نىڭ
ھەر قايسىسىدىن بەش كىلوگىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش، تې-
رىغان ۋاقىتتا مايسىزارلىق تاختىسىنى تۈزلەپ، سۇغارغاندىن كېيىن
2/3 قىسىم دورىلىق توپىسى چېچىپ، تېرىپ بولغاندىن كېيىن 1/3 قى-
سىم ئۇرۇقنى دورا توپىسىدا يېپىش، تېرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كې-
چىك ئەگمە لاپاس ياساپ تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى ساقلاش لازىم.

**سۇ ۋە ئوغۇت باشقۇرۇش:** سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرنى
10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيا ياكى 15 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇتتا ئو-
غۇتلاپ، دەسلەپكى مېۋىسىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، ئان-
دىن تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىشى بىلەن تۆپلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇق-
لۇق ماددىلارنىڭ پارغا ئايلىنىشىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ قوشۇمچە
ئوغۇتلاش بىلەن سۇغىرىش قېتىم سانىنىمۇ كۆپەيتىش. ھەر قېتىم مېۋى-
سى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بىر قېتىم سۇغىرىش، ھەر ئىككى قېتىم
سۇغارغاندا بىر قېتىم ئوغۇتلاش، ھەر قېتىملىق ئوغۇتلاشتا، ھەر مو يەرنى
10 كىلوگىرام ئورىيا ياكى 10 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات
(磷酸二铵) دا قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

**تۆپنى تەڭشەش:** مېۋىلەشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ
يېتىلىشى ناھايىتى تېزلىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا دەسلەپكى مېۋىسىنىڭ ئاستى-
دىكى يان شاخلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىش ھەم تۆپلەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى-
نى رەتلەپ، مېۋە بىلەن شاخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق تەڭ-
شەش، دەسلەپكى مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئىككى تال قارشى مېۋە
قالدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاساسىي قىسمىدىكى ئاجىز، قېرى يو-

پۇرماقلارنى ئېلىۋېتىپ ھاۋا ئۆتۈشۈش ۋە نۇر چۈشۈشنى ياخشىلاپ مېۋىنىڭ رەڭگە كىرىشىنى تېزلىتىش كېرەك.

**كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** دېھقانچىلىق تەدبىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش بىلەن فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش ئاساسىدا، بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ① دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر: كۈلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلى (灰病毒)، سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى (枯萎病)، ساغىرىپ سولىشىش كېسىلى (黄萎病)، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسىلى (疫病) قاتارلىقلار. ② مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، 4 ـ 5 يىلغىچە پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىماسلىق كېرەك. ③ كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاش، ئۇرۇق ۋە مايسىزارلىق تاختىسىنى دورا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش، مايسىزارلىق تاختىسىنى 70% لىك مېتىل توپسىن نەملىنىشچان پاراشوكى (甲基托布津可湿粉) دىن ھەر كىۋادرات مېتىرغا 8 ـ 10 گىرامغا يۇمشاق قۇرغاق توپىدىن 3 ـ 5 مىللىلىتىرنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇپراققا چېچىپ يەرنى ئاغدۇرۇش ياكى 50 مىللىلىتىر فورمالىن (福尔马林) نى ھەر كىۋادرات مېتىرغا بەش كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىپ، يالتىراق بىلەن يېپىپ 4 ـ 5 كۈن ئاچماسلىق، 7 ـ 10 كۈندىن كېيىن تېرىش كېرەك.

**يىغىۋېلىش:** چىلگە سوتلار پىدىگەن چېچەكلەپ 25 كۈندىن كېيىن يىغىۋېلىنىدۇ، باش خەمەك مېۋىسىنى بۇرۇن يىغىش، ئەگەر كېچىكىپ قالسا مېۋىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئاسانلا مېۋە غولى ئاجراپ كېتىدۇ،پىدىگەن گۈل كاسىسى بىلەن مېۋىسى تۇتاشقان يېرى ئاق ياكى سۇس يېشىل رەڭدە بولىدۇ، ئادەتتە بۇ خىل ئەھۋالدا دەرھال يىغىۋېلىش، يىغىۋالغاندا يىغقۇچى ئىككى قولنى پاكىز يۇيۇش، قۇرغاق پاكىز، بۇلغانمىغان يېشىككە قاچىلاپ توشۇش، پىشقان پىدىگەننى 0.5 سانتىمېتىر مېۋە ساپىقىنى قالدۇرۇپ ئۈزۈش، يۆتكەپ ساقلاش جەريانىدا ئاپتاپ چېقىۋېتىشتىن، يامغۇردىن، ئۇششۇپ قېلىش، مېخانىكىلىق زەخىملىنىشتىن، شۇنداقلا زىيانلىق ماددىلارنىڭ بۇلغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. (03)

# پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

قەمبەرنىسا ئىمىن
(باي ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك پونكىتىدىن 842300)

ناھىيەمىزنىڭ قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغۇق بولۇپ، پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈشتە تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. 2010 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇڭدىڭ ۋە لابىڭسى گىلاس سورتىنى كىرگۈزۈپ، سىناق قىلىپ پارنىكتا ئۆستۈرۈلدى. خۇڭدىڭ گىلاس سورتى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چېچەكلەپ 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنلىرى مېۋىلەپ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پىشىدۇ، مېۋە يېتىلىش مەزگىلى 47 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. لابىڭسى گىلاس سورتى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چېچەكلەپ 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنلىرى مېۋە مېۋىلەپ، 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرى پىشىدۇ. مېۋە يېتىلىش مەزگىلى 50 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. لابىڭسى گىلاس سورتى خۇڭدىڭ گىلاس سورتىدىن بەش كۈن كېيىن پىشىدۇ.بۇ ھەر ئىككى سورتنىڭ كېسەلگە چىداملىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، پارنىك ئىچىنىڭ ھاۋا نەملىكى ۋە نورمال سۇغىرىش شارائىتىدا مېۋە يېرىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرۈلگەن گىلاستىن 70 كۈن بالدۇر بازارغا چىقىپ مەھسۇلات قىممىتى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ.

**1. پارنىكنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى:** گىلاس ئۆستۈرۈلىدىغان پارنىك جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، خىش، توپا قۇرۇلمىلىق بولۇشى، ئوت قالاپ ئىسسىتىلىدىغان، ئاپتوماتىك يوتقان يىغىش ئۈسكۈنىسى سەپلەنگەن، پارنىك يېرى قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق، ئۇنۇمدارلىقى ياخشى يەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پارنىك ئىچىگە گىلاسنى قۇر ئارىلىقى 1.5 مېتىر، تۈپ ئارىلىقى بىر مېتىر قىلىپ تىكسە بولىدۇ.

**2. سورتنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى:** خۇڭدىڭ گىلاس سورتىنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ، مېۋىلەش نىسبىتى يۇقىرى، مېۋە

ئېتى قىزىل، مېۋە پوستى پارقىراق قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك دانىسى نىسبەتەن چوڭ، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، توشۇشقا چىدامىلىق كېلىدۇ، لابىڭسى گىلاس دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇراھال بولۇپ، شاخلىنىشى ياخشى بولغاچقا تىك ئۆسىدۇ، مېۋىلەش نىسبىتى يۇقىرى، مېۋىنىڭ ئېتى قىزىل، مېۋە پوستى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك، مېۋە پوستى قېلىن، مېۋە دانىسى نىسبەتەن چوڭ، تەمى تاتلىق كېلىدۇ.

**3. ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى:** (1) شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش: پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈشتە ئاساسلىق قوللىنىدىغان دەرەخ شەكلى «تەبىئىي ئېچىلغان دەرەخ شەكلى» ۋە «تەبىئىي ئورچۇقسىمان دەرەخ شەكلى» قوللىنىلىدۇ. پارنىكتا گىلاسنىڭ پۈتۈن يىللىق ئۆسۈش مەزگىلى ئىچىدە گىلاسنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى چاتاش ئاساسىي ئورۇندا، قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىدىكى چاتاش قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلىدىكى چاتاش: گىلاسنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىپ چاتىلىدۇ، ئادەتتە دەرەخنىڭ نوتىلىرى ئۆسۈپ 30 سانتىمېتىرغا يەتكەندە ئۇچىنى ئۈزۈپ، تىك ئۆسكەن نوتىلارنى، دەرەخ ئىچىگە قاراپ ئۆسكەن نوتىلارنى ۋە قويۇق نوتىلارنى چاتاپ، دەرەخنىڭ كۈن نۇرى ۋە هاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ كېسەللىك پەيدا بولۇش ۋە ئوزۇقلۇق خوراشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىدىكى چاتاش: قىشلىق چاتاش 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى كېسەللەنگەن شاخ، پىشمىغان شاخ، تىك ئۆسكەن شاخ ۋە شاخ ئارىلىقى 20 سانتىمېتىردىن قويۇق شاخلار چاتاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن ئۇزۇن شاخلارنىڭ 1/2 قىسمى، قىسقا شاخلىرىنىڭ 1/3 قىسمى چاتىلىدۇ، لېكىن مېۋە شاخ چاتالمايدۇ. (2) ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش: ئاساسىي ئوغۇتنى 9 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا هەر تۈپ كۆچەت تۈۋىنى كولاپ 20 كىلوگىرام ئەتراپىدا تولۇق چىرىگەن مەهەللىۋى

ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ. ئوغۇت بېرىلىدىغان ئورەك كۆچەت تۈۋىدىن 30 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، ئورەك 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇشى كېرەك. ئاساسىي ئوغۇت بېرىپ بولغاندىن كېيىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قاندۇرۇپ سۇغىرىش لازىم.

قوشۇمچە ئوغۇت گىلاس دەرەخنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە بېرىلىدۇ. پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ گىلاس دەرەخنىڭ نوتىلىرى بىخلىنىشتىن تارتىپ چېچەكلەش مەزگىلىگىچە، يەنى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھەر تۈپكە 50 گىرام ئاممونىي فوسفات (磷酸铵) تىن 50 گىرامنى تۈپ يېنىغا كۆمۈپ بېرىپ، يېنىك سۇغىرىپ، شاخ ـ نوتىلارنىڭ ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. چېچەكلەشتىن كېيىنكى مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە ھەر تۈپكە كالىي سولفات (硫酸钾) ئوغۇتىدىن 100 گىرام، ئاممونىي دى فوسفاتتىن 50 گىرامنى تۈپ يېنىغا كۆمۈپ بېرىش ۋە ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ بىر قېتىم يېنىك سۇغىرىش لازىم. بۇ مەزگىلدە يەنە 0.2% لىك ئاممونىي فوسفات ئېرىتمىسىنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماقتىن پۈركۈش ئارقىلىق مېۋىلەرنىڭ چوڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان گىلاسنى بىخلىنىشتىن ئىلگىرى، چېچەكلەشتىن ئىلگىرى، مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە سۇغىرىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ھەر قېتىملىق ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ سۇغىرىش كېرەك. چېچەكلەش مەزگىلىدە ۋە مېۋە يىغىۋېلىشتىن 20 كۈن بۇرۇن سۇغىرىشنى توختىتىپ چېچەك تۆكۈلۈش ۋە مېۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ (3) چاڭلاشتۇرۇش ۋە مېۋىلىرىنى شالاڭلىتىش: گىلاس دەرەخنىڭ ئۆز گۈلىدىن چاڭلىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارنىك ئىچىدە شامال ياكى ھاشارات ئارقىلىق چاڭلىنىش شارائىتى بولمىغانلىقتىن، پارنىكتا گىلاس ئىشلەپچىقىرىشتا چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلىرىنى سەپلەپ تىككەندىن سىرت، چېچەكلەش مەزگىلىدە ئادەم كۈچى ياكى ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش لازىم. ئادەم كۈچى ئارقىلىق

چاڭلاشتۇرغانىدا ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 11 گىچە چاڭلاشتۇرسا بولىدۇ. چېچەكلەپ 2 ـ 3 ھەپتىدىن كېيىن يەنى فىزىيولو - گىيەلىك مېۋە تۆكۈلۈشتىن كېيىن بىر مېۋە شېخىدا 5 ـ 8 تال مېۋە قالدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە مېۋە شاخلىرىدىكى غەيرىي مېۋە، كىچىك مېۋە ۋە كېسەللەنگەن مېۋىلەرنى ئاساس قىلىپ شاللىشتۇرۇش لازىم؛ (4) پارنىك تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى تەڭشەش: گىلاس دەرەخنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدىكى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىككە بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ① قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك تەلىپى: گىلاس دەرەخنىڭ قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلى 40 ـ 45 كۈن (950 سائەت) ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى تېمپېراتۇرا 0℃ ـ 7.2℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. گىلاس مېۋىسىنى بالدۇر بازارغا چىقىرىش ئۈچۈن ئادەتتە 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياكى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ پار - نىك تېمپېراتۇرىسىنى 0℃ ـ 7.2℃ تا كونترول قىلىش لازىم. تېمپېرا - تۇرا كونترول قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: كۈندۈزى پارنىك يوتقىنىنى يې - پىپ تېمپېراتۇرىنى 7.2℃ تىن تۆۋەن كونترول قىلىپ، كەچتە پارنىك يوتقىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئېچىپ پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەن ھالەتتە ساقلاش كېرەك. بۇ مەزگىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىدە پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0℃ ـ 7.2℃، نەملىك 70% ـ 80% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ ② بىخلىنىش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك تەلە - پى: بىخلىنىش مەزگىلىدە پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 12℃ ـ 15℃، كېچىسى 5℃ ـ 6℃، نەملىك 70% ـ 80% دا كونترول قىلىنىدۇ. بۇ مەزگىل تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەزگىلى بولۇپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى بىر ھەپتىدە پارنىك يوتقى - نىنى يېرىم ئېچىپ تېمپېراتۇرىنى 2℃ ـ 10℃ ئەتراپىدا ساقلاش، كې -

يىنكى ھەپتىدىن باشلاپ ئوت قالاپ تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 12℃ ـ 15℃، كېچىسى 5℃ ـ 6℃ تا كونترول قىلىش لازىم؛ ③ چېچەكلەش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك تەلىپى: چېچەكلەش مەزگىلىدە پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 12℃ ـ 18℃، كېچىسى 7℃ ـ 8℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىنىدۇ. مېۋە چوڭىيىش مەزگىلىدە پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 18℃ ـ 22℃، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ تا كونترول قىلىنىدۇ. مېۋە قېزىش مەزگىلىدىن مېۋە يىغىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 20℃ ـ 26℃، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ دا كونترول قىلىنىدۇ. چېچەكلەش مەزگىلىدىن مېۋە يىغىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى 50% ـ 60% ئەتراپىدا كونترول قىلىنىدۇ.

**3. كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ① قىش كىرىشتىن بۇرۇن باغنىڭ توڭ سۇيىنى قاندۇرۇپ قويۇش، پارنىك ئىچىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپ، دەرەخ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى پاكىز تازىلاپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پارنىك ئىچىدە قىشتىن ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق لازىم؛ ② پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن تارتىپ گىلاس چېچەكلىگىچە بولغان مەزگىلدە بائومى 2 ـ 3 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشى پۈركۈش كېرەك. ئىمىداكلورد (吡虫啉) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەم ئاۋېيمىتسون (阿维菌素) نىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا تەكشى پۈركۈش ئارقىلىق پارنىك ئىچىدىكى ھەر خىل كېسەللىك مىكروبلىرىنى، كۆك پىت ۋە قىزىل ئۆمۈچۈكنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدۇ. (03)

# پارنىك ياساشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئەكبەر قېيۇم
(تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838005)

1. پارنىك ئورنىنى ياخشى تالالاش كېرەك. پارنىك ياسىغاندا، كونا نۇرى تولۇق چۈشىدىغان، تۆت ئەتراپىدا ئېگىز دەرەخ ۋە ئىمارەتلەر بولمىغان يەرنى تالالاش كېرەك. چۈنكى كونا نۇرى پارنىك ئىچىنىڭ يورۇق ۋە ئىسسىق بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل. تۆت ئەتراپىدا ئېگىز بىنا ياكى دەل - دەرەخ يوق بولغان يەرگە پارنىك ياسىسا، پارنىكنىڭ كونا نۇرىدىن تولۇق پايدىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارنىك ئىچىنىڭ ئىسسىق ۋە يورۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. تۇپرىقى مۇنبەت يەرلەرنى تالالاش كېرەك. چۈنكى پارنىك يېرى يىل بويى ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، تۇپراق تېرىلغۇ قەۋىتى مۇنبەت، توپىسى يۇمشاق بولغاندىلا، تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىق، ھاۋا، سۇ سۈمۈرۈشى ياخشى بولۇپ، كۆكتات يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 3 - 5 يىلغىچە قوغۇن - تاۋۇز تۆرىدىكى ۋە پىدىگەن تۆرىدىكى كۆكتاتلار تېرىلمىغان يەرنى تالالاش كېرەك. بۇ ئارقىلىق، كېسەللىك، ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشقا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

3. پارنىك ياسىغاندا يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن، ئازگال جايلارغا پارنىك ياسىغاندا، پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى ئاسانلا ئېشىپ كېتىپ، قىش ۋە ئەتىيازدا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، كۆكتات يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئاسانلا كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

4. پارنىك سالغاندا ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۆشۈكچىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. پارنىكنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش تۆشۈكىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

5. پارنىك ياسىغاندا توك مەنبەسى ياخشى ئورۇننى تالالاش كېرەك. چۈنكى قىش پەسلىدە يەر ئىسسىتىش سىمى تارتىش ئارقىلىق، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، قار ياغقان ياكى ئۇدا ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى پارنىك ئىچىگە چىراغ يورۇتۇش ئارقىلىق، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (03)

# بىر قىسىم زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆپىراقنى دېزىنفېكسىيەلەش رولى

ھۆرنىساخان غوجاشىم
(چىرا ناھىيەلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 848300)

بىر قىسىم زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، چېچىكى يا-كى مېۋىسىنى قۇرۇتۇپ، يانچىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، تۇپراق قاتلىمىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا مەبلەغنى تېجەپلا قالماستىن، زىيانلىق ھاشاراتلارنى ئۈنۈملۈك يوقىتىش مەقسىتىگە يەت-كىلى بولىدۇ.

1. ئابدىمىلىكنىڭ غول، يوپۇرماق، مېۋىسى تەركىبىدە، زەھەرلىك ماددا رىكىنىن، ئېنەكېپتى ئىشقارى، تەلۋە بىدىنىڭ يوپۇرماق، ئۇرۇقى تەركى-بىدە سېلېن، كۆك بويىنىڭ غول، يوپۇرماق ئۇرۇقى تەركىبىدە سۇپۇرا-مىن، بۇيا ئىشقارى، ئىت ياڭىقىنىڭ يوپۇرماق، چېچەك، مېۋىسى تەركىبىد-دە ھوسسىيامىن، سۆگەتگۈلنىڭ يوپۇرماق، گۈلى تەركىبىدە ئودوروزىد، تاماكىنىڭ غول، يوپۇرماق، چېچەك، ئۇرۇقى تەركىبىدە نېكوتىن، نېكوت-سېئىن، نېكوتېلىن، روتىن قاتارلىق كۆپ خىل ئالكالئود ۋە ئىشقار بول-غانلىقتىن، ئۇلار ئاچچىق ھەم زەھەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ ئۆسۈم-لۈكلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پارچىلانغان تەقدىردىمۇ، خېلى ئۇزاق-قىچە تەسىرىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول، يوپۇر-ماق، چېچەك، مېۋە، ئۇرۇقلىرىنى كۈز پەسلىدە يىغىۋېلىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن، يانچىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قى-لىشقا ئىشلەتكەندە، تۇپراق قاتلىمىدىكى يوشۇرۇن ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شاپتۇلنىڭ يومران يو-پۇرمىقى، گۈلەمپىر، بۇۋانە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق، گۈل، ئۇرۇقلىرىنى يانچىپ تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا، سۇدا قايناتقاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ، سۈزۈلدۈرگەندىن كېيىن ئۆسۈملۈكلەردىكى قىزىل ئۆ-

مۇچۇك، كۆپ پىت، ئۇششاق قاناتلىق يوپۇرماق پەرۋانىسى قاتارلىقلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

2. بىر قىسىم زىرائەت ۋە مېۋە ئۇرۇقلىرى تۇپراق ئاستىدا بىخ ھالىتىدە تۇرغاندا، ياكى بىخلىنىپ تۇپراق ئۇستىگە چىققاندا، تورلۇك ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ، ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا زىرائەت ئۇرۇقلىرى ۋە شاكىلىدىن ئاجرىتىپ تېرىغان ئۇرۇقلارنى، مەسىلەن، چىلان، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئانار، ياڭاق قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇق، مېغىزلىرىنى زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەر چىلانغان ئىلمان سۇغا 5 ـ 6 سائەت چىلاپ ئاندىن تېرىش لازىم.

3. يۇقىرىقى زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان پاراشوكسىمان دورىلارنى ئۇرۇق تېرىشتىن ئىلگىرى قۇر ئىچىگە ياكى چۆنەك ئۇستىگە تەكشى چېچىپ يالتىراق يوپۇق يېپىلسا، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۇپراق ئاستىدىن زىيان سېلىشىنى كۆرۈنەرلىك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى: ئابدىمىلىكنىڭ ئېزىلگەن يوپۇرمىقى 20%؛ ئىت ياڭىقىنىڭ ئېزىلگەن يوپۇرمىقى 20%؛ سۆگەت گۈلىنىڭ ئېزىلگەن يوپۇرمىقى 20%؛ تاماكىنىڭ ئېزىلگەن يوپۇرمىقى 20%؛ بۆيىنىڭ ئېزىلگەن يوپۇرمىقى 10%؛ يۇمران شاپتۇل يوپۇرمىقى 10% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

4. ئىشلىتىش ئۇسۇلى: قۇرۇتۇپ، يانجىپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى نىسبەتتە ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۇپراقنىڭ ئىككى سانتىمېتىرغىچە نېپىز قاتلىمىغا چېچىپ كۆمۈلىدۇ. ئەگەر ئۆسۈملۈكلەردىكى زىيانداش ھاشاراتلارغا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، يۇقىرىدىقى نىسبەت بويىچە ھۆل يوپۇرماق، چېچەك، ئۇرۇقلىرىنى ھۆل پېتى قايىنىتىپ، سوۋۇتقاندىن كېيىن، داكا ياكى سۈزگۈچ بىلەن ئەخلەتلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، دورا پۈركۈش ماشىنىسى ئارقىلىق چېچىلسا بولىدۇ. لېكىن قايىنىتىش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. (05)

# چىلاننى كۆزدە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل كېرىم
(ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845355)
گۈلخان مۇھەممەترېھىم
(ئاقچى ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 843500)

تۇپراق نەملىكى تۆۋەن بولسا، زىرائەت تومۇرىنىڭ تۇپراقتىن قوبۇل قىلىدىغان سۇ مىقدارى پارلاندۇرۇشنى قاندۇرالماي، زىرائەتلەر سولىشىپ تەستە ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە زىرائەت تومۇرىنىڭ ئۆسۈشىگە، مەھسۇلات بېرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئېغىر بولغاندا قۇرۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تۇپراق نەملىكى تۆۋەن بولسا زىرائەتلەرنى ئاپتاپ چېقىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى تۇپراقتا سۇ كەمچىل بولغاندا ھاۋا نەملىكى تۆۋەنلەيدۇ، يوپۇرماقنىڭ سۇنى پارلاندۇرۇشىمۇ ئازلايدۇ. تۇپراق نەملىكى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى تۇپراق نەملىكى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە تۇپراقنىڭ ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىشى يېتەرلىك بولماي، زىرائەت يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچراپ، غول، يوپۇرمىقى سارغىيىدۇ ھەتتا قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق ساقلاش، تۇپراق بەك قۇرۇپ كەتكەندە تويۇقسىز كۆپ مىقداردا سۇ قويۇشتىن ساقلىنىش ھەم كۆزدە ئوغۇتلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

1. چىلاننى كۆزدە ئوغۇتلىغاندا دەرەخ غولىدا ئوزۇقلۇق توپلاپ، شاخنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى، ياغاچلىشىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى، دەرەخنى كۆچلەندۈرگىلى، قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى، كېيىنكى يىلى مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ.

2. چىلاننى كۆزدە ئوغۇتلىغاندا ئاساسلىقى قىغ، مەھەللىۋى ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت، كۈنجۈرە، گەندە قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا مەخسۇس بىرىكمە ئوغۇت قوشۇپ ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. بالدۇر ئوغۇتلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چۈنكى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چىلاننىڭ يىلتىزىنىڭ قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، ئوغۇتلاپ يېرىم ئايدىن كېيىن يېڭى يىلتىز چىقىرىپ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇ سۈمۈرىدۇ. بۇ ھال چىلاننىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

4. ئوغۇتلاش ئۇسلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى باغدىكى تۇپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، زىچلىقى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئاساسىي ئوغۇت ئەھۋالىغا ئاساسەن چۆنەكلەپ ئوغۇتلاش، ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش، نۇرسىمان چۆنەكلەپ ئوغۇتلاش ۋە ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ھەمدە چۆنەك چوڭقۇرلۇقىنىڭ 30 ـ 40 سانتىمېتىر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇندىن باشقا ئوغۇتلاش ئۇسۇللىرىنى ھەر يىلى ئالماشتۇرۇش ، چۆنەك تارتقان، ئورەك كولىغاندا ئىمكانقەدەر يىلتىزنى زەخىملەندۈرمەسلىككە، بولۇپمۇ دىيامېتىرى 0.5 سانتىمېتىردىن توم بولغان يىلتىزنى قوغداشقا دىققەت قىلىش لازىم.

5. چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى كەچ كۈز، باش قىشتا تۇپراق توڭلاشتىن ئىلگىرى چىلانلىقنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئاغدۇرسا، تۇپراقنى يۇمشىتىپ، يىلتىز سۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى ھەمدە يەر يۈزىدىكى قالدۇق ئوت ـ چۆپ ۋە غازاڭلارنى تۇپراققا چوڭقۇر كۆمۈۋەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇپراقتا قىشلىغان كىچىك ئۆزەك قۇرتى، چىلان يېپىشقاق زەمبۇرۇغى، چىلان گەزلىمە قۇرتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇپراق يۈزىگە چىقىرىپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

6. نەملىك ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. توڭ ياتقۇزغاندىن كېيىن يەر ئاۋراق قۇرۇغاندا تىرنىلاپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش لازىم. چۈنكى ئەتىيازدا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەپ، توڭ بالدۇر ئېرىيدۇ، بۇ چىلان يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە بىخلىنىشىغا ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ. (05)

# ئەنجۈر ئۆستۈرۈشتىكى ئىككى مۇھىم نۇقتا

زەينۇر ئېزىز
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇنتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845351)

كۆمۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىشتا، ئېچىش ۋە كۆمۈش مەشغۇلاتلىرى پەرۋىش قىلىش قەدەم - باسقۇچلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ئەنجۈر دەرىخىنى ئېچىش ۋە كۆمۈش پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى ئېچىش ۋە كۆمۈش ۋاقتىنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇشى، مەشغۇلاتنىڭ توغرا بولۇشى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ نورمال ئۆسۈپ مول ھوسۇل بېرىشىدىكى مۇھىم ھالقا. ئەنجۈر دەرىخىنى ئادەتتە 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئېچىشقا باشلاپ، 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۆمۈپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

1. ئەنجۈر دەرىخى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 15℃ قا يەتكەندە توپىدىن ئېچىلىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى ئېچىشتا ئالدى بىلەن كۆمۈلگەن توپا كەتمەن بىلەن تارتىلىدۇ، توپىنى تارتىشتا ئىشلىتىدىغان كەتمەن بېسى ئىتتىك بولماسلىق كېرەك. كەتمەننى كۈچەپ سىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، كەتمەننى بوش سىلىپ توپىنى تەكشى سىيرىپ چۈشۈرۈپ شاخلارنىڭ كېسىلىپ كېتىشى، قوۋزىقىنىڭ سويۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەنجۈر دەرىخىنى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىغا بارا - بارا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن توپا چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىنلا شاخ - شۇمبىلارنى ئېلىۋەتمەي بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا 4 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى ئۆزگىرىشچان ھاۋادا كۆزدىكى مېۋىلەر ۋە ياش نوتىلار زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەنجۈردەرىخى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ 7 - 8 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاچىغا ئېلىنىدۇ. ئاچىغا ئېلىشتا ئۇستۇندىكى شاخلارنى ئالدىن ئېلىش، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى شاخلارنى تەرتىپ بويىچە ئېلىش، شاخلارنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ كەتمەسلىكى، ئاچىنىڭ بۇلۇڭى كەڭرەك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا توپىنىڭ ئاچىغا ئېلىنغان

ئۇرنى زەخملىنىپ شاخنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەنجۈر شاخلىرىنى ئاچىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاستىدىكى توپىنى تەكشى تارتىپ تۈزلەش كېرەك.

2. ئەنجۈر دەرىخى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۈششۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن توپا بىلەن مۇۋاپىق كۆمۈش كېرەك. ئەنجۈر دەرىخىنى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرا 5℃ ـ 7℃ بولغان ۋاقىتتا كۆمسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى كۆمۈشتە ئالدى بىلەن 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەنجۈرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈيىنى قويۇپ ئۇسسا قىلىنىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇسسى كېلىشكەندە ئەنجۈر دەرىخى ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن تۆت چاسا قىلىپ توك قومۇرۇلىدۇ، تاكى توك قۇرۇغىچە، توڭنىڭ دەسسىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ پوستى نېپىز، ئىچى پور بولغاچقا باستۇرۇش جەريانىدا، ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەنجۈر شاخلىرىنى ياتقۇزۇشقا تەييارلىق قىلىش لازىم. ئەنجۈر شاخلىرىنى ياتقۇزۇشتا ئۈچى تەرەپتىن ئېچىپ، يەڭگىل سىلكىپ، ئاۋايلاپ باسۇرۇش كېرەك. سەللا بىخەستىلىك قىلىپ تۈۋى تەرەپتىن چىڭراق باسۇرۇلسىلا نەچچە ئون يىللىق دەرەخ شېخى بىر يولىلا سۇنۇپ كېتىپ، يېڭى قويۇلغان كۆچەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەنجۈر دەرىخنى ئاستا باسۇرۇپ ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبىلارنى بېسىپ، ئۈستىگە قۇرۇتۇلغان توڭنى رەتلىك تىزىپ دەرەخ شېخى «زاكىدىلىنىپ»، بىر ھەپتىدىن كېيىن توپا بىلەن يوچۇق قالدۇرماي كۆمۈلىدۇ. ئەگەر تولۇق كۆمۈلمەي قالسا ئۈششۈك تېگىپ ئەتىيازدا ئاچقاندا شاخلار قۇرۇق چىقىدۇ، ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن يالتىراق يوپۇق يېپىپ كۆمۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا تېمپېراتۇرا يۇقىرىلاپ، نەملىك ئارتىپ، شاخلار پۈتۈنلەي سېسىپ كېتىپ كېلەر يىللىق ساغلام شاخقىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. (03)

# ئۆلغان ياڭاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

مەنساگۇل مەمتىمىن
(ئۇلۇغچات ناھىيەلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845450)

ياڭاق شېخىدا تانىنىن كۆپرەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلانغاندا ئۆلاق ئاستىدا سۇ ئېقىش ھادىسىسى ئاسان يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆلاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتىگە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

1. تانىنىن ماددىسىنىڭ ئۆلاشقا بولغان تەسىرىنى ئازايتىش ياكى ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتا، تەركىبىدە تانىنىن ماددىسى كەم بولغان مەزگىلنى تاللاپ ئۆلاش كېرەك، ئۆلاق ئۇسۇلىنى تاللاش، ئۆلاق مەشغۇلات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئارقىلىق تانىنىن ماددىسىنىڭ ئوكسىدلىنىپ ئارىلىق پەردىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2. سۇ ئېقىشنىڭ ئۆلاشقا بولغان تەسىرىنى كونترول قىلىش ياكى يېنىكلىتىش لازىم. ئەمەلىي ئۆلاقچىلىق تەجرىبىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆلاشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئۆلاق ئاستىنى كېسىپ سۇيۇقلۇق ماددىسى ئاققۇزۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆلىنىدۇ ياكى ئۆلىنىدىغان قىسمىنىڭ تۆۋىنىدىن بىر قانچە سۇيۇقلۇق ئېقىش ئېغىزى ئېچىلىدۇ، ئېغىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ياغاچ قىسمىغا يەتكۈزۈلۈپ، سۇنىڭ ئېقىشى تېزلىتىلىدۇ.

3. ئۆلاق ئۇستىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ياڭاقنىڭ شېخى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئۆزەك قىسمى چوڭراق بولىدۇ. ئۆلاش جەريانىدا، شاخ توملۇقى بىر سانتىمېتىردىن چوڭراق ھەم ئۆزەك قىسمى كىچىكرەك بولغانلىرىنى تاللاپ ئۆلاق ئۇستى قىلغاندا تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

4. ئۆلىغان ۋاقىتتا، شاخ ئۆلاقنىڭ ئۆلاق ئۇستىنىڭ يونالغان يۈزى ۋە بىخ ئۆلاقتا ئۆلىنىدىغان بىخنى مۇۋاپىق ھالدا چوڭايتقاندا تۇتۇش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۆلاق ئۇستىنىڭ يونالغان يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 ـ 8 سانتىمېتىر، بىخ ئۆلاقتا ئۆلىنىدىغان بىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 ـ 5 سانتىمېتىر بولسا بىرقەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ.(03)

# ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى

ھاۋاگۈل يىمىت
(قومۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 839000)

**1. ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش:** سوغا چىلاپ قومغا كۆمۈش: ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىشتىن بۇرۇن بەش كۈن سوغا چىلاپ ئاندىن سۈزۈۋېلىپ نەم ئورەككە كۆمۈلىدۇ (ئۇرۇقنى چىلىغان سۇ ھەر سوتكىدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ) كۆمگەندە بىر قەۋەت قۇم بىر قەۋەت ياڭاق كۆمۈلىدۇ. ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەت قۇم 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا بولسا بولىدۇ. قۇمنىڭ نەملىك دەرىجىسى ئالقانغا ئېلىپ سىققاندا سۈيى چىقمىغىدەك قويۇۋەتسە چېچىلغۇدەك بولسا بولىدۇ. قۇمغا كۆمۈلگەن ياڭاقلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇپ 70% ـ 75% بىخلانسا ياڭاقنى تېرىشقا بولىدۇ.
ئىلمان سۇغا چىلاش: بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇرۇقنى ئىدىش ياكى داسقا سېلىپ ئۈستىگە ئىلمان سۇ قۇيغاندىن كېيىن ئون مىنۇت ئارىلاشتۇرۇش سۈيىنى ھەر سوتكىدا بىر قېتىم يېڭىلاپ تۇرۇش، ئۇرۇقنى ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم سوغاق سۇدا چايقاپ تۇرۇش كېرەك. 7 ـ 10 كۈندىن كېيىن يېرىلغانلىرىنى ئۇدۇللۇق تېرىسا بولىدۇ.

**2. يەر تەييارلاش:** كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان يەر سۈيى مول، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، مۇنبەت قۇمساڭ ئەت تۇپراق بولۇشى، سۇغۇرۇش ۋە سۇ چىقىرىش شارائىتى ياخشى بولغان مۇنبەت تۇپراقنى تاللاش كېرەك. ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن يەرنى ياخشى رەتلەپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، ھەر مو يەرگە 3000 كىلوگىرام ئەتراپىدا مەھەللىۋى ئوغۇت تۆكۈپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تۈزلەپ تاختىلاش لازىم. ئادەتتە تاختىنىڭ كەڭلىكى 4 ـ 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 8 ـ 10 مېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئەگەر يەر تەكشى بولسا 8 ـ 10 ~ 20 ـ 30 مېتىر قىلسا بولىدۇ. ئەگەر يەر سېغىز تۇپراق بولسا 5 ـ 6 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم قويۇپ، ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، شېغىللىق تۇپراق بولسا شېغىلنى تاسقاش كېرەك.

**3. تېرىش:** يەرنى ئاغدۇرۇپ قىر ئىزى چىقىرىپ ئوبدان تۈزلەپ بول-

# ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى خاتا مەشغۇلاتلار

**تۇرغۇن ئەمەت**
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845351)

**1. ئاساسىي ئوغۇتنى ئەتىيازدا بېرىش:** ئاساسىي ئوغۇتنى ئەتىيازدا بەرگەندە ئۈزۈمنىڭ زەخمىلەنگەن يىلتىزلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تەس بولىدۇ، دەرەخ تېنىنىڭ سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئاساسىي ئوغۇتنى ئەڭ ياخشىسى كۈزدە مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن بەرسە دەرەخ تېنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز بولىدۇ. ئورگانىك ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشى تېز بولۇپ، زەخمىلەنگەن يىلتىزلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز، يېڭى يىلتىزلارنى چىقىرىشقا پايدىلىق بولۇپ مەھسۇلاتى مۇقىم ئاشىدۇ.

**2. نوتا باغلاشتا ئۆسۈشى كۈچلۈك نوتىلارنى باغلاش:** ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نوتىلارنى باغلاشتا ئۆسۈشى كۈچلۈك بولغان نوتىلارنى

---

غاندىن كېيىن ياڭاق تېرىسا بولىدۇ. ياڭاق ئادەتتە چوڭەكلەپ تېرىلىدۇ. چوڭەكلەپ تېرىغاندا چوڭەك چوڭقۇرلۇقى 15 ـ 18 سانتىمېتىر بولسا ياخشى. ئۇرۇقنى تېرىغاندا ئۇرۇقنىڭ يان قىرىنى ئۈستىگە قارىتىپ قويۇش، ئاندىن ئۈستىنى 6 ـ 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈپ دەسسەش لازىم.

**4. تېرىغاندىن كېيىنكى پەرۋىش:** ياڭاقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم سۇغۇرۇش لازىم. ياڭاق ئادەتتە تېرىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن نەملىك ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، مايسا تەكشى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن 2 ـ قېتىم سۇغىرىش كېرەك. لېكىن ئېتىزدا سۇ توختىتىشقا ۋە بەك تولدۇرۇپ سۇغىرىشقا بولمايدۇ. كۆچەت غولىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆسۈۋاتقان مەزگىلىدە بىر قېتىم ئوغۇتلاش كېرەك. شۇ يىلى تېرىلغان كۆچەتلەرنى قىشتا كۆمۈپ سوغۇقتىن ئۆتكۈزۈش، ناۋادا كۆچەتلەر تەكشى ئۈنمىگەن بولسا كۆچەتلەر 15 سانتىمېتىر بولغاندا كۆچۈرۈپ تولۇقلاش كېرەك. (03)

باغلىغاندا ئۆسۈشى كۈچلۈك بولغان نوتىلار ۋە ھارام شاخلارنىڭ ئۆسۈشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپ ئاجىز نوتىلارنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا نوتىلارنى باغلاشتا ئالدى بىلەن ئاجىز ئۆسكەن شاخلارنى باغلاپ، ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆسۈشى كۈچلۈك بولغان شاخلارنى كېيىن باغلاپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش، شۇ ئارقىلىق شاخلارنىڭ ئۆسۈش تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش كېرەك.

**3. ئۇزاق مۇددەت يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا رايى شارائىتىدا باغلارنى سۇغارغاندا يەرنى دېزىنفېكسىيە قىلماسلىق:** ھەر يىلى 7 ـ ئايلاردا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق قۇرغاق ھاۋارايى ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇ مەزگىلدە باغلارنى سۇغارغاندا يەرنى دېزىنفېكسىيە قىلمىغاندا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئاق چىرىش كېسەللىكىنىڭ باكتېرىيەسى ئىسسىق سۇ پارى بىلەن مېۋە ساپىقىغا چاپلىشىۋېلىپ، ئاسانلا مېۋە ساپىقىدا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سۇغىرىشتىن بۇرۇن يەرنى بومى گىرادۇسلۇق ھاك گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك.

**4. ھەددىدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئېلىش:** ئۈزۈمدىن ھەددىدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئالغاندا دەرەخ تېنىنىڭ ئوزۇقلۇقلارنى سەرپ قىلىشى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. كېلەر يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا مەھسۇلاتقا چەك قويۇپ، يازلىق چاتاشتىن پايدىلىنىپ، شاخ گۇرۇپپىلىرىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم مەھسۇلات ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5. مېۋىلەش ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى:** ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قارىغۇلارچە مەھسۇلات قوغلىشىش سەۋەبىدىن مېۋە ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مېۋە ئورنى تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۈزۈم ئاسانلا كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ، مەھسۇلاتى، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۈزۈمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق بولغانمېۋىلەش ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# پارنىكتىكى كۆدىدە كۆرۈلىدىغان كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز
(نىيە ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 848599)

ئادەتتە پارنىكتا كۆدە ئۆستۈرۈشتە نەملىك بەك يۇقىرى بولسا ئاسانلا كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، كۆدە يوپۇرمىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇچىدىن تۇۋىگە قاراپ سۇس كۆل رەڭ قوڭۇردىن ئاقۇچقا ئۆزگەرگەن داغلار پەيدا بولۇپ، كېڭىيىپ سوقچاق ياكى مۇكا شەكىللىك كېسەللىك دېغىغا ئۆزگىرىدۇ، ھەممە تۇتىشىپ چوڭىيىپ ئاخىرىدا قۇرۇپ قالىدۇ. پارنىك نەملىكى 85% دىن يۇقىرى، تېمپېراتۇرا 15℃ ـ 20℃ بولسا بۇ كېسەل ئاسان پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ① كېسەلگە تاقابىلچان سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ ② پارنىكنى يېپىنىك سۇغارغاندا تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تېز يۇقىرلاتقىلى بولىدۇ. كۆدىنى ھەر قېتىم ئورۇپ بولغاندىن كېيىن 2 ـ 3 قېتىم چاغلاپ توپا يۆلىسە پارنىك نەملىكىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، شۇڭا مۇۋاپىق ھاۋا ئالماشتۇرۇپ نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئۇندىن باشقا ئورۇش ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش، نەملىك تۆۋەن، قىروسىز مەزگىلدە ئورۇش، ئورۇپ بولغاندىن كېيىن شامالدىتىپ ئاندىن توپا يۆلەش كېرەك. كېسەللەنگەن تۆپلەرنى ۋاقتىدا يۇلۇۋېتىپ ياكى يوپۇرمىقىنى ئۈزۈۋېتىپ كۆپرەك ئوغۇتلاپ تۆپىنىڭ كېسەلگە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ ③ خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش. ھەر مو يەر 10% لىك سۇمىلېكس (速克灵) ئىسلاش دورىسىدىن 250 گىرام ئىشلىتىپ ئىسلاش ياكى ھەر مو يەرگە 10% لىك مېيلىگىفېن (霉灵粉) پاراشوكىدىن بىر كىلوگىرامنى چېچىش كېرەك. 50% لىك سۇمىلېكس نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 100 ـ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 50% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى پۈركىسىمۇ بولىدۇ. كېسەللىك يېڭى پەيدا بولغاندا ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم تاكى كېسەلنى تىزگىنلىگۈچە پۈركۈش كېرەك. (03)

# ئۆزۈمنىڭ ئاق توزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلنۇر ئابدۇرېھىم
(ئاتۇش شەھەرلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845350)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ ئۆزۈم مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك يوپۇرماقتا پەيدا بولغاندا يوپۇرماق يۈزىدە ئاق توزاڭسىمان ماددا ھاسىل بولۇپ ئۆزۈم تۈپىنىڭ ماددا ئالمىشىش، نەپەسلىنىش رولى ئاجىزلايدۇ، يوپۇرماقلار قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ. غول قىسمىغا زىيان سالغاندا تۈپراقتىن قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇقلارنىڭ شاخ، يوپۇرماق ۋە مېۋىلىرىگە توشۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ. مېۋىدە يۈز بەرگەندە مېۋە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ كېيىن، ئاق توزاڭسىمان داغ ھاسىل بولۇپ، مېۋىسى ئاسانلا يېرىلىپ تاۋارلىق قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** بۇ خىل كېسەللىك خالتىلىق زەمبۇرۇغلار كەنجى تىپىدىكى ئىلمەك يىپلىق زەمبۇرۇغلار ئۇرۇقدىشىغا كىرىدۇ. جىنسسىز دەۋرى يېرىم ئىنىق زەمبۇرۇغلار كەنجى تىپى توزاڭ ئىسپورا ئۇرۇقدىشىغا كىرىدۇ. كېسەللىك قوزغاتقۇچى ئۆسۈملۈك توقۇلمىسى ياكى بىخى ئىچىدە قىشلايدۇ.

**3. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى (زەمبۇرۇغ يىپچىسى) ئۆزۈم تېلىنىڭ توقۇلمىسى ياكى بىخى ئىچىدە قىشلايدۇ. 2 ـ يىلى ئۆزگۈچى ئىسپورا بىخلانغاندىن كېيىن ھاۋا كىلىماتى، نەملىك مۇۋاپىق بولغاندا شامال ئارقىلىق تارقىلىپ، پارازىت غوجىنىڭ سىرتقى جوۋزاق ھۈجەيرىسىگە يۇقىدۇ، تەكشىنىڭ زىچلىقى ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ كۆپ بىرىلىشى ھاۋا يورۇقلۇق شارائىتى ياخشى بولماسلىق، ئاق توزاڭ كېسىلى يۈز بېرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغاندا ھاۋا بۇلۇتلۇق، دىمىق، ئىسسىق كۈنلەردە ئاسان يۇقىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش: كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىش (قىشتىن ئۆتكەن) ھاۋا يورۇقلۇق

## كۆزگى بۇغداي مايسىلىرىغا ئۇششۇك تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

توختاشگۇل ئېلى   سايىمگۇل ئويۇپ
(ئاراتۇرۇك ناھىيە توخۇلا يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839300)

رايونىمىزدا كۆزگى بۇغداي ئاساسلىق قىشتىن ئۆتىدىغان زىرائەت بولۇپ، كۆزگى بۇغداي ئەمدىلا قىشتىن ئۆتۈش مەزگىلىگە كىرگەندە، كۈندىلىك ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ ئەتراپىدا تۆۋەنلىسە، بۇغداي مايىسى سوغۇق ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، سوغۇق قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا ئۇدا تۆۋەن بولسا ھەمدە كۆپ قېتىم كۈچلۈك سوغۇق ئېقىم كىرىپ تېمپېراتۇرىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ توڭلاش ئاپىتى پەيدا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ بەزى جاي-

شارائىتىنى ياخشىلاش ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە بېرىش لازىم. كەچ كۈز ۋە ئەتىياز بىخلىنىشتىن بۇرۇن 45% لىك ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى (石硫合剂) نىڭ 100 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى تەكشى چېچىش كېرەك. 50% لىك توپسىن، (托布津) 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نىڭ 700 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 29% لىك سەنزوتوڭ (三唑酮) نىڭ 500 ـ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 50% لىك تىرام (福美双) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 15% لىك تېرىئاددىمفون (粉锈宁) نىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 40% لىك باۋىستىن (多菌灵) 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى، 50% لىك كاپىتان (克菌丹) پاراشوكىنىڭ 500 ـ 700 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقنى چاچسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرلىك ئۇسۇلدا 40% لىك سوپۇن پاراشوكىنى، 24 سائەت چىلانغان موخۇركا سۈيىنى، 200 ـ 300 ھەسسىلىك تۇز سۈيىنى چاچسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. يەنە قوغدىغۇچى دورىلار بىلەن يوقاتقۇچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

لىرىدا ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 14℃ ــ 16℃ گىچە چۈشۈدىغان بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش دائىرىسى چوڭ، ۋاقتى ئۇزۇن ھەم بورانمۇ قوشۇلۇپ چىققاچقا، مايسىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) كۈزگى بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلارنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك. كۈزگى بۇغداي قوشۇمچە تېرىلىدىغان رايونلاردا شۇ يەرنىڭ توڭلاش ئاپىتى پەيدا بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، يازغى بۇغداي بىلەن كۈزگى بۇغداينىڭ تېرىلىش نىسبىتىنى مۇۋاپىق بېكىتىشكە بولىدۇ. شۇ يەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈش شارائىتىغا ئاساسەن، سوغۇققا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىپ، مايسىنىڭ سوغۇققا چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كۈزگى خۇسۇسىيەتلىك سورتلار كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 18℃ بولغاندا ياكى قىشتىن بۇرۇنقى 0℃ تىن يۇقىرى يىغىندى تېمپېراتۇرا 500℃ ـ 600℃ بولغان ۋاقىتتا تېرىسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ (3) ئېتىزلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن يەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ياخشى چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش، قىشتىن ئاۋۋال يەرنى ۋاقتىدا يۇمشىتىش، توپىلاش، قىشتا سۆرەم سېلىش ۋە تەكرار بېسىش، كۈندۈزى ئېرىپ، كېچىسى توڭلايدىغان مەزگىلدە مۇۋاپىق مىقداردا سۇغىرىش ئارقىلىق تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئۆسۈشتىن توختاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، مۇۋاپىق توپا يۆلەپ، تۈپلىنىش بوغۇمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش (قايتا كۆكلىگەندىن كېيىن توپىلارنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئادالىۋېتىش) كېرەك. (03)

# كۆكتات يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئارزۇگۈل رېھىم
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى قومۇل ئۇسۇملۇك كارانتىن پونكىتىدىن 839000)

**1. زىيان سېلىش ئەھۋالى:** يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ تېنى چىۋىندىن ئون نەچچە ھەسسە كىچىك بولۇپ، يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ سىرتقى شەكلى ۋە رەڭگى چىۋىنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆپىيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، تار-قىلىش سۈرئىتى تېز، زىيان سالىدىغان زىرائەت تۈرى كۆپ بولۇپ، يوپۇر-ماقنىڭ قېتىغا كىرىپ ئوزۇقلىنىپ، نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى بۇز-غۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، يوپۇرماق تۆكۈلۈشنى، بالدۇر ئاجىزلىشىشنى ھەتتا قۇرۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆكتات يوپۇرمىقىدا زەخمە پەيدا قىلىپ، كېسەللىك مىكروبىنىڭ يۇقۇملىنىشىنى تېزلى-تىپ، كۆكتات مەھسۇلاتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. گۈل - گىياھلارنىڭ مەنز-زىرە قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. پارنىك - يالتىراق لاپاس كۆكتاتلىرى ئىچىدە تەرخەمەك، قوۋۇما كاۋىسى، يېسسى پۇرچاق، جاڭدۇ، پىدىگەن، مۇچ، شوخلا، كەرەپشە قاتارلىقلارغا يوپۇرماق قات چىۋىنى كۆپرەك زى-يان سالىدۇ. يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتى كۆكتات يوپۇرمىقىغا تۇخۇم تۇغىدۇ، يوپۇرماق قېتىدا تۇخۇمدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ، لىچىنكىسى يوپۇرماق گۆشىنى تېشىپ كىرىپ يەپ، يوپۇرماق-تا قۇرت تونىلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يوپۇرماق قات چىۋىنى پارازىت خوجىسىغا ئۈچ خىل شەكىلدە زىيان سا-لىدۇ، ① يېتىلگەن ھاشارىتى ئېغىز ئاپپاراتىنى سانجىپ ئوزۇقلىنىپ، تۇخۇم سېلىپ، يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى يوپۇرماقنىڭ كەمتۈك ئورنىدىن شىرنىسىنى سۈمۈرىدۇ، چىشى يېتىلگەن ھاشارىتى تۇ-خۇم تۇغۇش نەيچىسىنى يوپۇرماقتىكى توقۇلمىلارغا سانجىپ كىرگۈزۈپ زەخىملەندۈرىدۇ ۋە تۇخۇم سالىدۇ؛ ② لىچىنكىسى يوپۇرماق گۆشىنى تې-

شىپ كىرىپ يەپ زىيان سالىدۇ. لىچىنكىسى يوپۇرماق گۆشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۈزۈلمەي، يىلان باغرى ئاق رەڭلىك قۇرت تونلىنى ھاسىل قىلىپ، قارا رەڭلىك مايىقىنى چىقىرىپ، قۇرت تونلىنىڭ ئىككى يېنىغا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تىزىدۇ. قۇرت تونلى دەسلەپتە ئىنچىكە، كېيىن كەڭ بولىدۇ، قۇرت تونلى لىچىنكىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ؛ ③ لىچىنكىسى قورچاققا ئايلىنىپ يوپۇرماق گۆشىدىن چىقىدۇ ھەم يوپۇرماقنى يەپ كەمتۈك قىلىپ قويىدۇ.

**2. ياشاش ئادىتى:** يوپۇرماق قات چىۋىنى بىر ئەۋلادنى تاماملاشقا ئەتىياز، كۈز پەسلىدە 20 ـ 30 كۈن، يازدا 13 ـ 17 كۈن كېتىدۇ. يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ لىچىنكىسى جەمئىي ئۈچ ياشلىق بولىدۇ، پارازىت خوجايىنىنىڭ يوپۇرمىقى ئىچىدە پۈتۈنلەي يوشۇرۇن ھالەتتە ياشايدۇ، يۆتكىلىپ زىيان سالمايدۇ. لىچىنكىسى يېتىلگەندىن كېيىن يوپۇرماق ئىچىدىن چىقىپ، ئۆسۈملۈك تۈپىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇپراقتا ياكى يوپۇرماق يۈزىدە قورچاققا ئايلىنىدۇ.

يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتى كىچىك چىۋىنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، يوپۇرماق گۆشىنى يەيدۇ ھەم تۇخۇم سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس، كۈندۈزى، بولۇپمۇ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 ـ 12 دە ئۇچۇشى ئەڭ جانلىق بولىدۇ، كەچتە ئاساسەن ئۇچمايدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولغان كۈنىلا ئۈزۈلمەيدۇ ھەم چېتىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تۇخۇم سالىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئوتتۇرا، ئۈستى قىسمىدىكى يۇمران يېشىل يوپۇرماقلارغا تۇخۇم سالىدۇ. يوپۇرماقنىڭ زەخمە ئەتراپىدىكى گۆشىگە كۆپرەك تۇخۇم سالىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ناھايىتى ئاز تۇخۇم سالىدۇ. ئامېرىكا يوپۇرماق قات چىۋىنى يوپۇرماقنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى گۆشىدە كۆپ بولىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ ئۆمرى 10 ـ 15 كۈن بو-

لۇپ، ھەر بىر چىشى ھاشارىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 ـ 200 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمى سۈت رەڭلىك بولۇپ، ئۇششاق مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. تۇخۇمى يوپۇرماق گۆشى ئىچىدە 3 ـ 7 كۈن تۇرغاندىن كېيىن لىچىنكىسى چىقىدۇ، لىچىنكىسى سۈت رەڭلىك ياكى سۇس سېرىق بولۇپ، بېشى يوق چىۋىن لىچىنكىسىغا ئوخشايدۇ. تەخمىنەن 5 ـ 8 كۈندىن كېيىن يوپۇرماق قات چىۋىنى لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە بىر قەۋەت قاتتىق قاپ ھاسىل بولۇپ، قورچاققا ئايلىنىدۇ. قورچىقى يوپۇرماقتا، شۇنداقلا يەردە پەيدا بولىدۇ. تەخمىنەن 9 ـ 15 كۈندىن كېيىن، قورچاق قېپى يېرىلىپ، قورچاق قېپىدىن يېتىلگەن ھاشارىتى چىقىپ، ئۆسۈملۈك ئارىسىغا ئۇچۇپ بارىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش: ① ئېتىزنى پاكىز تازىلاپ، يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ناچارلاشتۇرۇش كېرەك. ئېتىزدا يوپۇرماقتا قۇرت تونىلى پەيدا بولغاندا، قۇرت يېگەن يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك؛ ② يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئېتىزدىكى قالدۇق تۇپ ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا تازىلاپ، بىر يەرگە يىغىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دۆملەپ چىرىتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. ③ تېرىشتىن ئىلگىرى يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراق يۈزىدىكى قورچاقلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ، قورچىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلەش كېرەك. ④ يوپۇرماق قات چىۋىنى ئېغىر زىيان سالغان ئېتىزلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، يەنى قاپاق تۈرىدىكى، پۇرچاق تۈرىدىكى، پىدىگەن تۈرىدىكى كۆكتاتلار بىلەن پىياز، سامساق، يوپۇرماق تۈرىدىكى كۆكتاتلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ (2) فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش: سېرىق تاختايغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش: پارنىك ـ يالتىراق لاپاس ئىچىگە قۇرت يېپىشىدىغان سېرىق تاختاي ئېسىپ، يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتىنى جەلپ قىلىپ يوقىتىپ، يېتىلگەن ھاشارى-

تىنىڭ سانىنى ئازايتىپ، زىچلىقىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ① لىچىنكىسىنى يېشى كىچىك ۋاقىتتا، يوپۇرماقتىكى كۆپ ساندىكى قۇرت تونىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىردىن كىچىك ۋاقىتتا، قېرى لىچىنكىسىنى سەھەردە قۇرت تونىلىدىن يوپۇرماق يۈزىگە چىقىپ ھەرىكەت قىلغان چاغدا 1.8% لىك ئەيخۇدىڭ (爱福丁) نىڭ 3000 ـ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 40% لىك لورسىبان (乐思本) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللاپ چېچىش كېرەك. دورا ئىشلىتىش ئارىلىق مەزگىلىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ھەر 7 ـ 8 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم دورا پۈركۈسە، ھاشارات زىيىنىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ؛ ③ قورچىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ئېتىزدىكى قالدۇق تۈپ ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن، پارنىك ـ يالتىراق لاپاس ئىچىدىكى تۇپراققا 90% لىك شاچوڭدى كىرىستالى (杀虫敌晶体) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 50% لىك ئازودىرىن (久效磷) سۇتسىمان مېيىنىڭ 600 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ تەكشى چېچىپ، تۇپراقنى بىر قېتىم تەكشى تىرنىلاش كېرەك. يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ قورچاقىقا ئايلانغاندىن كېيىن تۇپراققا كىرىۋالىدىغان ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، دورىنى توپىغا 1:20ـ30 نىسبىتى بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، دورىلىق توپا ياساپ، پارنىك يالتىراق لاپاس تۇپرىقىغا چېچىش كېرەك. ③ يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ سەھەردە ياكى كەچقۇرۇن ھەرىكەتلىنىدىغان ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، دورا چېچىپ يوقىتىش كېرەك، چۈنكى بۇ چاغدا يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولىدۇ. بۇ چاغدا چېچىلىدىغان دورىلار لىچىنكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان دورا بىلەن ئوخشايدۇ. (03)

# ناھىيىمىزدە سۇ تەقسىملەشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

ئەخمەتنىياز ئەبەيدۇللا
(لوپ ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن 848200)

سۇچىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولۇپلا قالماستىن يەنە، خەلق ئىگىلىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىپ، تېز ھەم مۇقىم تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، زاۋۇت كان ـ كارخانىلار يېتەرلىك سۇ بولغاندىلا تەرەققىي قىلىدۇ. سۇدىن ياخشى پايدىلىنىش، ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سۇنى تېجەش بولسا نۆۋەتتە پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە.

ناھىيىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھىيىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىغا، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي تىزمىسىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلىدىغان، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلىدىغان ناھىيەلەرنىڭ بىرى. ناھىيىمىزنىڭ لاھىيەدىكى سۇغىرىش كۆلىمى 890 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى590 مىڭ مو، ئۇنۇملۈك سۇغىرىش ئومۇمىي كۆلىمى419 مىڭ مو بولۇپ، قۇمساڭ تۇپراق تۇرىگە كىرىدۇ. تېرىلغۇ يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق سۇ مەنبەسى يورۇڭقاش دەريا سۈيىدىن ئېلىنىدۇ. سۇ، تۇپراق تەكشۈرۈلۈق ھېسابىدىن قارىغاندا ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدا پەرق بىر قەدەر چوڭ، كۆپ يىللىق ھېساباتقا قارىغاندا سۇغىرىشقا كەملەيدىغان سۇ مىقدارى 20 ـ 30 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، رايونىمىزنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھول ـ يېغىن مىقدا-

رى 34.5 مىللىلىتىر بولغاچقا نۆۋەتتە كەملەيدىغان سۇ مىقدارىنى يەر ئاستى سۇيىدىن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ناھىيەمىزدە ئىشلىتىدىغان سۇ ئاساسلىقى كۆلەمگە ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن تەقسىم قىلىنىدىغان بولۇپ، سۇ مىقدارى سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا سۇ تەقسىملەش ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ناھىيەمىزدە غول ئۆستەڭلەردىن تارماق ئۆستەڭلەرگە سۇ تەقسىملەش ئۇسۇلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. گەرچە غول ئۆستەڭلەردىن تارماق ئۆستەڭلەرگە سۇ تەقسىملەش ئېنىقلىق دەرىجىسىگە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلمىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، تاقاقلارنىڭ، بىچوكلەرنىڭ ئۇپراپ چېقىلىپ كېتىشى ۋە سۇ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن بولۇش تۇپەيلىدىن سۇ تەقسىملەش ئېنىقلىق دەرىجىسى تەلەپتىن خېلىلا يىراق بولماقتا. غول ئۆستەڭلەردىن تارماق ئۆستەڭلەرگە سۇ تەقسىملەش ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مەقسەت ـــ ناھىيەمىزنىڭ چەكلىك يەر ئۈستى سۇ بايلىقىنى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ، سۇنى ئادىللىق بىلەن مۇۋاپىق تەڭشەپ، غول ئۆلچەش ئېغىزىدىن تارماق ئۆلچەش ئېغىزلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قۇرغاق نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۇراقلىق بولغان سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كۆچەيتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

كۆپ قېتىملىق تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى غول، ئۆستەڭلەردىن تارماق ئۆستەڭلەرگە سۇ تەقسىملەش ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە: ① سۇ ئېلىش-

تىن بۇزۇن قەرەللىك ، قەرەلسىز ھالدا توما ـ تاقاقلارنىڭ مېخانىك قىسـ مى، توك يوللىرى ۋە سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈـ رۈپ، مەسىلە سېزىلسە دەل ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ ئاسراپ، شۇ ئارقىلىق توما ـ تاقاقلارنىڭ نورمال ئىشلىتىشگە كاپالەتلىك قىلىش، چىغرىقلارنىڭ سىلىقلاش مېيىنى قىش پەسلىدە توڭلاشقا چىداملىق سىلىقلاش مېيىغا ئالماشتۇرۇش، توما ـ تاقاقلارنىڭ توڭلاش ئېھتىمالى بار بولغان قىسىمـ لىرىغا توڭلاشقا چىداملىق ماي سۈرۈش ئارقىلىق، توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئېـ لىش كېرەك. قۇم ـ بورانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلگەندىن كېيىن چىغرىق، ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ تازىلاش، سىلىقلاش مايلىرىنى ئىشلىتىش، توما تاقاقلاردىن بۇزۇلغان جايلارنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، نورمال سۇ تەقـ سىملەش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاش كېرەك؛ ② سۇ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز دېگەندە پەسىلدە بىر قېتىم سۇ باشقۇرۇش، سۇ تېجەش، سۇ قۇرۇلۇشـ لىرىنى باشقۇرۇش، ئاسراش، رېمونت قىلىش، سۇ ئۆلچەش قاتارلىق مەزـ مۇنلار بويىچە تەربىيەلەپ، چوقۇم سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، شۇ ئارقىـ لىق سۇ باشقۇرغۇچى ۋە سۇ تەڭشىگۈچى خادىملارنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادىل، ئاشكارا، ئىنچىكىلىك سۇ تەقسىملىيەلەيدىغان، تۇرلۇك سۇ تېجەش تەدبىرلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالايدىغان مۇكەممەل سۇ ئىشـ لىرى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. (05)

بۇتكۈل جەمئىيەت دېھقان ـ چارۋىچىلارنى سىياسەت ئەقىدە ـ ئېتىقاد، بىلىم ـ تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەرزەنتلىرىنى سىستېمىلىق تەربىيەلەشكە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

# سۇغىرىش سىستېمىسىدىكى ئىنشائاتلارنىڭ تېپىنى تاللاشنىڭ مۇھىم تەلىپى

ئەكبەر قېيۇم
(تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838000)

سۇغىرىش سىستېمىسىدىكى ئىنشائاتلار سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ھالقىسى بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى چوقۇم ئومۇميۈزلۈك يۈرۈشلەشتۈرۈش كىرەك. ئەگەر ئۆستەڭ سىستېمىسىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى يۈرۈشلەشمىسە ياكى كەمچىل بولسا سۇ گورزونتىنى تەلەپ بويىچە تىزگىنلىگىلى ۋە ئېقىم مىقدارىنى تەقسىم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا سۇ ئىسراپ بولۇپلا قالماي بەلكى سۇغىرىش، سۇ باشقۇرۇش ئۈنۈمى ۋە ئۆستەڭ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا سۇغىرىش سىستېمىسىدىكى ئىنشائاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۆۋەندىكى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئالدى بىلەن ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش ئاساسىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىنشائاتلارنىڭ ئورنى بىلەن سانى مۇۋاپىق بولۇش، ئىنشائات ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىكمە خاراكتېرلىك ئىنشائاتنى شەكىللەندۈرۈپ، سۇ تەقسىملەش، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىش، تۇرمۇش، ترانسپورتتا ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشقا ئىنشائاتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

2. شۇ جاينىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى چىقىش قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، «ئەپچىل بولۇش، ئەگمە بولۇش، قاپلىق بولۇش، تۇرۇبىلاشقان بولۇش، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش» يۆنىلىشى بويىچە قۇرۇلمىسى نەپىس، بىخەتەر، پۇختا بولۇش، تېجەشلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

3. ئۆستەڭ سىستېمىسىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىنشائاتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ لايىھەلەش، مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئالدىن تەييارلاپ ئالدىن

# قىشتا قوزىلارنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

رەيھانگۈل توختى
(باي ناھىيە قارىباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 842308)

1. ساغلىقتا يەم ـ خەشەك تولۇقلاپ بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك. قوزا تۇغۇلۇپ سەككىز ھەپتە ئىچىدە ئانا سۈتىنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدۇ. شۇڭا ئانىلىق ساغلىقنى بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە ئېمىتىش مەزگىلىدىكى تۆت ئاي ئىچىدە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سۈپىتى ياخشى قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ياكى يەملەرنى بېرىش، يەنى ھەر كۈنى 1.5 كىلوگىرام سىلوس، 0.5 كىلوگىرام بوغۇز بېرىش لازىم. ئەگەر ئانا مالنىڭ ئېتى ياخشى بولسا تۆللەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بوغۇز بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ھەزىم ناچارلىشىش ۋە يېلىن ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇق ئوت ـ چۆپنى كۆپرەك بېرىش كېرەك.

2. قوزىنى بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. قوزا تۇغۇلۇپ 1 ـ 3 كۈنگىچە ئوغۇز سۈتىنى تويغۇچە ئېمىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قوزا ئاجىز، ئانىسىنىڭمۇ سۈتى ئاز بولسا قوشۇمچە سۈت بېرىش كېرەك.

قوراشتۇرۇش لايىھەسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، تۈرنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلىش دەۋرىنى قىسقارتىش، ماتېرىيالنىڭ ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك.

4. ئۆستەڭ سىستېمىسىدىكى ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەريانىدا ئەسلىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى يىغىلاش، ئۆزگەرتىشكە، ئۆز جايىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى قېزىشقا دىققەت قىلىش، ئىقتىسادىي دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لايىھەلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ياخشىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئەسلىھەلەرنى پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، كارغا كېلىدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. (05)

# چاشقان دورىسىدىن زەھەرلەنگەن قويلارنى داۋالاش

ياسىن ھەبىبۇل
(يەكەن ناھىيە خاڭدى بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844705)

قويلارنىڭ چاشقان دورىسىدىن زەھەرلىنىشى يېزا ـ قىشلاقلاردا يايلىتىپ باققان قويلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، كېسەللىك يېنىك بولغاندا نەپەسلىنىش قىيىنلىشىش، قورساق كۆپۈش، ئېغىزىدىن ئاق كۆپۈك كېلىش، سىيىشى قىيىنلىشىش، كۆزىنىڭ ئېقى چوكچىيىپ كېتىش، ئېغىر بولغاندا تەبىئىي تۆشۈكچىلەردىن قان چىقىش، قان ئارىلاش سىيىش، يۈرەك زەئىپلىشىش، قان ئازلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كېسەللىك سەۋەبچىسى:** ئاساسلىقى چاشقان دورىسى ياكى چاشقان دورىسى ئارىلاشقان يەم ـ خەشەكنى يېيىشتىن قويلارنىڭ زەھەرلىنىشى كېلىپ چىقىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** دەسلەپتە نەپەسلىنىش قىيىنلىشىش، قورساق

قوزا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن ئىچىدە ئانا ـ بالىنىڭ شامالداپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. يەتتە كۈندىن كېيىن سىرتقا چىقىرىپ مۇۋاپىق ئاپتاپقا سالسا بولىدۇ.

قوزا 15 ـ 20 كۈنلۈك بولغاندا ئوت يېيىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. قوزا 15 كۈنلۈك بولغاندا بىرىكمە يەم- خەشەكتىن ھەر كۈنى 50 ـ 75 گىرام، 1 ـ 2 ئايلىق بولغاندا 100 گىرام، 2 ـ 3 ئايلىق بولغاندا 200 گىرام، 3 ـ 4 ئايلىق بولغاندا 250 گىرامدىن بېرىش كېرەك. بىرىكمە يەم- خەشەكنى پۇرچاق، پۇرچاق كۈنجۈرىسى، قوناق قاتارلىقلاردىن تەييارلىسا بولىدۇ. چىگىت كۈنجۈرىسىنى ئامال بار بەرمەسلىك، بىدە، خاسىڭ مايسىسى، سۆگەت يوپۇرمىقى قاتارلىق قۇرۇق ئوت ـ چۆپنى ئۇششاق توغراپ بېرىش كېرەك. ئاۋۋال بوغۇز بېرىش، ئاندىن ئوت ـ چۆپ بېرىش ھەم مۇۋاپىق مىقداردا سىلوس بېرىش، يېتەرلىك سۇغىرىش لازىم. قوزىلارنى ئادەتتە تۆت ئايلىقتىن ئاشقاندا سۈتتىن ئايرىسا بولىدۇ. (02

# كۆزدە قوي بېقىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ياسىن تۇرسۇن
(ئۇنسۇ ناھىيەلىك چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843100)

1. ئىلمىي ئۇسۇلدا يايلىتىپ بېقىش: كۆز پەسلى ھاۋا ئاساسەن ئوچۇق، چوشتە ئىسسىق، ئەتىگەن ۋە كەچ سالقىن بولىدۇ، شۇڭا قويلارنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىققاندا ئەتىگەندە بالدۇرراق قوتاندىن چىقىرىش، كەچتە كېيىنرەك قوتانغا قايتۇرۇش، چوش ۋاقتى ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. كەچ كۈزدىكى شەبنەم ۋە قىرووۋلۇق كۈنلەردە قويلارنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىققاندا كېيىنرەك قوتاندىن چىقىرىپ، كەچتە كەچرەك قوتانغا قايتۇرۇش، قويلارنىڭ شەبنەم، قىراۋ چۈشكەن ئوت - چۆپلەرنى كۆپ يەۋېلىپ كېسەللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قويلارنى سازلىقلاردا بېقىشتىن ساقلىنىپ، رېماتىزىم كېسەل-

---

كۆپۈش، سىيىشى قىيىنلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغاندىن كېيىن كۆز شىللىق پەردىسى ئاقىرىش، كۆزنىڭ ئېقى چوكىيش، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك چىقىش، قان ئارىلاش سىيىش، تەبىئىي تۆشۈكچىلەردىن قان چىقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ئېغىرراق بولسا ئۆلىدۇ.

**داۋالاش:** (1) يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاتروپىن (阿托品) دىن ئىككى مىللىلېتىر تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (2) زەھەرنى سۈيدۈك ئارقىلىق ھەيدەش ئۈچۈن تۆت مىللىلىتىر سۈنياۋ (速尿) مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (3) ئاشقازاننى تازىلاش ئۈچۈن 2% لىك مارگانسوپتىن 500 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ؛ (4) زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن 10% لىك گىلۇكوزا سۇيۇقلۇقىدىن 300 مىللىلىتىر ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (5) بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن 50% لىك گىلۇكوزا سۇيۇقلۇقىدىن 400 مىللىلىتىرغا ۋىتامىن C قوشۇپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (6) يەرلىك ئۇسۇلدا زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن كالا سۈتىدىن 300 مىللىلىتىر ئىچكۈزسىمۇ بولىدۇ. (02)

لىكى كۆرۈلۈشتىن ۋە قويلارنىڭ پارازىت قۇرت تۇخۇملىرىنى يەۋېلىشـ
تىن ساقلىنىش كېرەك.

2. يەم تولۇقلاپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش: كۈز پەسلى قوي باققاندا قوشۇمچە يەم تولۇقلاپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كۈز پەسلى بىر قىسىم قويلارنىڭ قورسىقى تويماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەمرىتىش ئۈچۈن كېچىسى مۇۋاپىق مىقداردا ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، تېتىملىق بولغان يەملەر (مەسىلەن: قوناق، كۈنجۈرە قاتارلىقلار) نى بوغاز ساغلىقلارـ نىڭ ھەر بىرىگە كۈندە 0.5 ~ 1 كىلوگىرام، قوزا ئېمىتىۋاتقان ساغـ لىقلارنىڭ ھەر بىرىگە كۈندە 0.5 ـ 0.7 كىلوگىرام بېرىش كېرەك. سېـ مىزلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىپ بەرسە بولىدۇ.

3. مۇۋاپىق مىقداردا تۇز بېرىش: ھەربىر قويغا كۈندە 5 ـ 15 گىرام ئاش تۇزىدىن 1% لىك تۇز ئېرىتمىسى تەييارلاپ، چۈشتىن بۇرۇن ئوتلىتىشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىدا قويلارنىڭ ئىچىشىگە بېرىش، كەچتە قوتانغا قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن پاكىز قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىش كېرەك.

4. نەسىللەندۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش: كۈز پەسلى ساغلىقلارنىڭ ئېتى ياخشى، كۆيلىشى نورمال، تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرىشى كۆپ بولۇپ، ئاسان بوغاز بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ پەسىلدە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ توقلۇق قىمـ مىتى يۇقىرى بولغاچقا، تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ساغلىقلار ئادەتتە كۈز پەسلى نەسىللەندۈرۈپ كېيىنـ كى يىلى ئەتىيازدا تۆللەيدۇ. 9 ـ، 10ـ ئايلار نەسىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مەزگىلى بولۇپ، ساغلىقلار بۇ مەزگىلدە نەسىللەندۈرۈلسە كېلەر يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا تۆللەيدۇ، ساغلىقلار تۆللەپ بولغاندىن كېيىن ناھاـ يىتى تېزلا كۆك ئوت ـ چۆپ يېيىش مەزگىلىگە كىرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن پاقلانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز بولىدۇ.

5. توپقا ئايرىپ بېقىش: كۆز پەسلى قويلار راسا كۆيلەيدىغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قوچقارلار دائىم ساغلىقلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ساغلىقلارغا ئارتىلىپلا يۈرۈيدۇ. ئەگەردە قوچقار بىلەن ساغلىق ئايرىۋېتىلمەي بىر پادا قىلىپ بېقىلسا ياكى بىر قوتاندا تۇرسا قوچقارنىڭ ئارتىلىشى سەۋەبىدىن ساغلىقلارنىڭ ئوت ـ چۆپ يېيىشى، ئارام ئېلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا يەنە بوغاز ساغلىقلارنىڭ بالا تاشلىشىدەك يامان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا قوچقار بىلەن ساغلىقلارنى چوقۇم ئايرىپ بېقىش كېرەك.

6. ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتى ۋە يۇقۇم كارانتىن خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. كۆز پەسلى قويلارنىڭ تۇرلۇك كېسەللىكلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى، تارقىلىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدىغان چاغ، شۇڭا قويغا ئاقسىل كېسەلى، قوي چېچىكى، كۆيدۈرگە كېسىلى، موكسىمان باكتېرىيە كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋاكسىنىسىنى ئەملەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، يۇقۇملۇق كېسەل كۆرۈلۈشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنداقلا كۆز پەسلى قويلارنىڭ برۇتسېللىيوز كېسىلى ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئۆزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ، كېسەللىك كۆرۈلگەن قويلارنى ۋاقتىدا داۋالاش كېرەك.

7. دېزىنفېكسىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش: قوتاننى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۈپۈرۈپ تازىلاپ، قوتان ئىچىنىڭ قۇرغاق ھەم پاكىزلىقىنى ساقلاش، قەرەللىك تۇردە 2% ـ 5% لىك ناترىي ھىدروكسىد ئېرىتمىسى (氢氧化钠溶液) ياكى 10% ـ 15% لىك ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك ئېرىتمىسى (生石灰水溶液) بىلەن قوتان ئىچىدىكى قورال ـ سايمان، يەر يۈزى، گەندە ـ سۈيدۈك، پاسكىنا سۇ قاتارلىقلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل دېزىنفېكسىيەلەش، سىرتقى مۇھىتتىكى كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىپ، كېسەللىكنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

## بورداق قويلاردىكى سېرىق چۇشۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ساۋۇت رىشىت
(كەلپىن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 834600)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوي گۆشى باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق رايونىدىكى بورداقچىلىق كەسپى تەرەققىي قىلىپ، باقمىچىلىق ئائىلىلىرى كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەمما باقمىچىلىق كەسـ-پىگە يېڭىدىن قوشۇلغان بىر قىسىم باقمىچىلارنىڭ باقمىچىلىق تەجرىـ-بىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، قوينىڭ ئۆزلۈكلۈقىدا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق چۈشەنمەي، قوينى تېز بورداپ، تېز سەمرىتىپ قولدىن چىقىرىپ، كۆپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، قويلارنى پۈتۈن كۈن يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك بوغۇز ۋە تولۇقلىغۇچى يەم ـ خەشەكلەر بىلەن باققاچقا، قويلاردا سېرىقلىق چۈشۈش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. قوينىڭ ياغ ۋە گۆش تالالىرىنىڭ رەڭگى پۈ-تۈنلەي سارغىيىپ، بورداق ماللارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمىغانلىقتىن، باقمىچى ئائىلىلەرگە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەلنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى بىر قە-دەر ئۇزۇن بولۇپ، بورداشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە كېسەللىك ئالامىتى ئې-نىق بولمايدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھەرىكەت قىلماي بىر جايدا جىم تۇرۇۋالىدۇ. ھەتتا زادىلا بىر نەرسە يېمەيدۇ. كېسەل قوينى يېرىپ تەكشۈرگەندە ياغ ۋە گۆش تالالىرى پۈتۈنلەي سارغىيىپ كېتىدۇ، بۆرەك ياغلىرى، يۈرەكنى قاپلاپ تۇرغان ياغ، شۇنداقلا جىگەر سارغىيىپ، ئۆت خالتىسى، تال يوغىناپ، بۆرەك قارىدايدۇ. داۋالاپ كونترول قىلىشقا بولمايدۇ. كېسەل قوي 3 ـ 15 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېسەللەنگەن مالنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100% گە يېتىدۇ.

**كېسەللىك سەۋەبچىسى:** ئاساسلىقى بورداش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولـ-ماسلىق، كۈندىلىك يەم ـ بوغۇز تەركىبىدە تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى يۇ-قىرى بولغان قوناق، گۈرۈچ تىرىپى، ھەر خىل كۈنجۈرە قاتارلىق يەملەر-

## پاختا پېششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ تۈرلىرى، تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلەش پرىنسىپى

نۇرمەمەت ياسىن
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۈڭلۈك ئوقەتچىلىك شىركىتى ئاقتۇ تارماق شىركىتىدىن 845550)

پاختا پېششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى پاختىدىكى تۈرلۈك ئارىلاشما ماددىلارنى تازىلاپ، پاختا تالاسىنى چىگىتتىن ئايرىپ، ئورايدىغان بىر تۈرلۈك ماشىنا بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى قۇرۇتۇش، تازىلاش، چىگىتتىن ئايرىش، ساپ پاختىنى تازىلاش، تىۋىت ئايرىش ۋە تايلاش ماشىنىسى قاتارلىق تارماق ماشىنىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاختىنى پېششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا پاختا تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، رەڭگى، سۈپەت دەرىجىسى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش تەلەپ قىلىنغاچقا، پاختا پېششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ تازىلاش ئۈنۈمى، قايتا پايدىلىنىش نىسبىتى، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرى، مۇكەممەل، يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىغا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. تۆۋەندە ھازىر كۆپ ئىشلىتىۋاتقان بىر نەچچە خىل پاختا پېششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلەش پرىنسىپىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

---

نىڭ ئېگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن، كۈندىلىك ئوزۇقلۇقىدا ۋىتامىن E يېتىشمەي، ئاسانلا كىسلاتالىق بۇزۇلۇش يۈز بېرىپ، بورداق ماللارنىڭ ياغ ۋە گۆش تالالىرىنىڭ سارغىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** بورداق ماللارنىڭ كۈندىلىك يەم ـ بوغۇز رېتسېپىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، يىرىك يەم ـ خەشەك نىسبىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كۈندىلىك بوغۇزنىڭ تەركىبىدىكى قوناق، كۈنجۈرە قاتارلىق يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يەم ـ بوغۇزنىڭ مىقدارىنى 20% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، بورداشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سېرىق چۈشۈش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بورداق قويلارنىڭ كۈندىلىك يېمىگە ۋىتامىن E، ۋىتامىن C قاتارلىقلارنى قوشۇپ بېرىش، قەرەللىك تۈردە بورداق ماللارنىڭ يېمىگە ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، زەھەر تازىلايدىغان جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرىدىن جىخۇاڭسۇ (芪黄素) جىنمېيكاڭ (金美康) قاتارلىقلارنى قوشۇپ بېرىش كېرەك. (02)

1. چىگىتلىك پاختىنى تازىلاش ماشىنىسى. بۇ خىل ماشىنا پاختىنى بوشىتىش تولۇقى، ھەرە چىشلىق تولۇق ۋە چوتكىلىق تولۇق قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. چىگىتلىك پاختا ماشىنىغا سېلىنغاندىن كېيىن، پاختىنى بوشىتىش تولۇقىنىڭ قانىتى چىگىتلىك پاختىنى بوشىتىپ، بىر قىسىم كىچىك ئارىلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ياخشى پىشقان، چېچىلىپ تۇرىدىغان چىگىتلىك پاختىنى ھەرە چىشلىق تولۇق ئېلىپ ماڭىدۇ. بىر قىسىم ئارىلاشمىلار (تاش تۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر) تېگىدىكە چۈشىدۇ ـ دە، تازىلاپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 2000 ـ 2400 كىلوگىرام بولىدۇ.

2. رېزىنكە تولۇقلۇق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى. بۇ چىگىت ئۈستىدىكى پاختا تالاسىنى چىقىرىۋالىدىغان ماشىنا بولۇپ، ئۇ رېزىنكە تولۇق، ئۇرۇلما پىچاق، پاختا ئىتتىرىش تاختىسى، چاتما دەستە ۋە جەينەكلىك ئوق قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. سىرتقى يۈزى يىرىك بولغان رېزىنكە تولۇقنىڭ چىگىتتىكى تالانى تارتىشى ئارقىلىق ۋە ئۇرۇلما پىچاقنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، چىگىتتىن پاختا تالاسى ئايرىۋېلىنىدۇ. بۇ خىل ماشىنا ئايرىغان پاختىنىڭ سۈپىتى ياخشى، بىراق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى بىر ئاز تۆۋەن بولىدۇ.

3. چوتكىسىمان ھەرە چىشلىق پاختا ئايرىش ماشىنىسى. بۇ چىگىتتىكى پاختا تالاسىنى چىقىرىۋالىدىغان ماشىنا بولۇپ، ئۇ ئالدى ساندۇق، ھەرە چىشلىق تولۇق، چىڭداش چوتكىسى، چوتكىلىق پاختا ئايرىش تولۇقى ۋە پاختا يىغىش قاچىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. چىڭداش چوكىسى ئالدى ساندۇقنىڭ ئىچكى يان تەرىپىگە ئورنىتىلغان. ھەرە چىشلىق تولۇقتىكى ھەرە تىغىنىڭ ئالدى تەرىپى چىڭداش چوكىسىدىكى يوچۇقتا ئۆزىرايدۇ، يوچۇق ئادەتتە 0.28 ـ 3 مىللىمېتىر بولىدۇ. پەقەت ھەرە تىغى بىلەن پاختا تالاسىنى ئۆتكۈزۈپ چىگىتنى توسۇۋالىدۇ. ھەرە چىشىنىڭ ئارقا تەرىپى چوتكىلىق تولۇق بىلەن تېگىشىپ تۇرىدۇ. ئالدى ساندۇق چىگىتلىك پاختا بىلەن تولغاندىن كېيىن، ھەرە چىشلىق تولۇق يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، ھەرە چىشى ئايلىنىپ ئالدى ساندۇققا كىرگەن ۋاقىتتا، بىر قىسىم پاختا تالاسىنى ئېلىپ چىڭداش چوكىسىنىڭ يوچۇقىدىن تارتىپ چى-

قىرىدۇ. چوتكىلىق پاختا ئايرىش تولۇقى پاختا تالاسىنى ھەرە چىشىدىن چوتكىلاپ چۈشۈرۈپ، پاختا يىغىش قاچىسىغا يىغىپ تۈرمەل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش سۈپىتى ياخشى، پاختا ئايرىغاندا بىر قىسىم ئارىلاشمىلارنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ، بىراق ئۇزۇن تالالىق چىگىتلىك پاختىنى ئايرىشقا ماس كەلمەيدۇ. ياخشى تەڭشەلمىسە پاختا تالاسىنى ئاسانلا ئۈزۈۋېتىدۇ. ھازىر يېزىلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ھەرە چىشلىق پاختا ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ھەرە تىغى ئۆلچىمى 10 تال، 20 تال، 25 تال ۋە 40 تال دەپ تۆت خىل بولىدۇ. ھەربىر ھەرە تىغىنىڭ سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 3 ـ 6 كىلوگىرام بولىدۇ.

4. يىڭنە تولۇقلۇق پاختا ئايرىش ماشىنىسى. بۇ چىگىتلىك پاختىدىكى ئارىلاشما نەرسىلەرنى تازىلايدىغان ماشىنا بولۇپ، 2 ـ 5 كىچە يانتۇ تىزىلغان يىڭنىلىق تولۇق بىلەن ئارىلاشمىلارنى تازىلاش توردىن تۈزۈلگەن. ئىشلىگەندە تولۇق يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ. چىگىتلىك پاختا ئەڭ ئاستى تەرەپتىكى يىڭنىلىق تولۇقتىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ھەربىر تولۇقنىڭ تىگىنى بويلاپ ئارىلاشمىلارنى چىقىرىش تورىغا چاپلاشتۇرۇپ يۇقىرىغا سىلجىتىدۇ. چىگىتلىك پاختىدىكى ئارىلاشمىلار تور تۆشۈكىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل تازىلاش ماشىنىسى سائىتىگە 3 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام پاختا تازىلىيالايدۇ.

5. شامال كۈچى بىلەن چىگىت تازىلاش ماشىنىسى. بۇ چىگىتتىكى ئارىلاشمىلارنى شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ تازىلايدىغان ماشىنا بولۇپ، ئۇ چىگىت يوللاش بۆرمىسى، ھاۋا توسۇش كىلاپانى، چىگىت سورۇش كامىرى، چىگىت چىقىرىش بۆرمىسى، شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. ئىشلىگەندە چىگىت يوللاش بۆرمىسى بىلەن ھاۋا توسۇش كىلاپانىدىن ئۆتۈپ ھاۋا يولىغا چۈشىدۇ. ئېغىر ئارىلاشمىلارنى چۈشۈرۈپ چىقىرىۋېتىدۇ، چىگىتنى ئۇچۇرۇپ چىگىت سورۇش كامىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ھاۋا توسۇش كىلاپانى ئارقىلىق چىگىت چىقىرىش بۆرمىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ. سائىتىگە 5 ـ 6 مىڭ كىلوگىرام چىگىتنى تازىلىيالايدۇ، تازىلاش سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. (02)

# ئۇششاقلاش ماشىنىسى مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

**باھارگۈل تۇرۇپ  گۈلباھار مەخمۇت**
(قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 844900)

1. ئۇششاقلاش ماشىنىسى بىلەن مەشغۇلات قىلغاندا مەشغۇلاتچىلار سوقما پالاقتىن يىراق تۇرۇش لازىم. ماشىنىغا پەلەي كىيىۋېلىپ ماتېرىيال كىرگۈزۈشكە، قولىنى بىخەتەرلىك سىزىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە، تاياق ـ توقماقنى قول ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

2. ئۇششاقلاش ماشىنىسى بىلەن ئېنېرگىيە ماشىنا گۇرۇپپىسىنىڭ ئورنىتىلىشى مۇستەھكەم بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇششاقلاش ماشىنىسىدا ئۇزۇن مەزگىل مۇقىم مەشغۇلات قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى سېمونت تەگلىككە مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. ئۇششاقلاش ماشىنىسى سەييارە مەشغۇلات قىلىدىغان بولسا، ئېنېرگىيە ماشىنىسى بىلەن ئۇششاقلاش ماشىنىسىنىڭ تاسمىلىق چاق ئېرىقچىلىرى ئوخشاش بىر ئايلانما تەكشىلىكتە بولۇشى لازىم.

3. ئۇششاقلاش ماشىنىسىنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى بۆلەكلەردىكى چىڭىتىلىدىغان زاپچاسلارنىڭ چىڭىتىلىشىنى تەكشۈرۈپ، بوشاپ كەتكەنلىرى بولسا چىڭىتىش، تاسمىنىڭ چىڭ ـ بوشلۇق دەرىجىسىنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم.

4. ئۇششاقلاش ماشىنىسىنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال روتورنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ، پەنجە چىش سوقما ياپراقچىسى ۋە روتورنىڭ ئايلىنىشىنىڭ جانلىق، ئىشەنچلىك بولغان ـ بولمىغانلىقى، قاپقاق ئىچىدە سوقۇلۇش ئالامەتلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، روتورنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىنىڭ ماشىنىدىكى ئىسترېلكا كۆرسەتكەن يۆنىلىش بىلەن بىردەك بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئېنېرگىيە ماشىنىسى ۋە ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ سىلىقلىنىش ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم.

5. ئايلىنىش تېزلىكى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئۇششاقلاش بۆلۈمىچىسىدە پارتلاش يۈز بېرىشتىن ياكى ئايلىنىش تېزلىكى بەك تۆۋەن بولۇپ، ئۇششاقلاش ماشىنىسىنىڭ ئىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تاسمىلىق چاقنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛

6. ئۇششاقلاش ماشىنىسى قوزغىتىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال 2 ـ 3 مىنۇت قۇرۇق ئايلاندۇرۇپ، غەيرىي ئاۋاز كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ئاندىن ماتېرىيال سېلىش لازىم؛

7. ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇششاقلاش ماشىنىسىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىش، ماشىنا توسۇلۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماتېرىيالنى تەكشى يوللاش، ئۇزۇن مەزگىل زىيادە يۈكتە ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئىرغاڭلاش، غەيرىي ئاۋاز چىقىرىش، ئوققازان بىلەن ماشىنا گەۋدىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولۇش، ماتېرىيالنى سىرتقا پۈركۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ماشىنىنى دەرھال توختىتىپ تەكشۈرۈش، كاشىلىنى ئوڭشىغاندىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك.

8. توسۇلۇپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ماشىنىنى دەرھال توختىتىش لازىم. ئۇششاقلاش ماشىنىسىنىڭ ئادەمنى زەخمىلەندۈرۈشتىن ياكى زاپچاسلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماشىنىنى توختاتماي تۇرۇپ تاياق ـ توقماق بىلەن ياكى قول بىلەن ماتېرىياللارنى مەجبۇرىي كىرگۈزۈش ۋە ياكى پىششىقلىنىدىغان يەم ـ خەشەكلەرنى تارتىپ چىقىرىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

9. بىرقەدەر قاتتىق خام ماتېرىياللارنى ئۇششاقلاشقا توغرا كەلگەندە مەشغۇلاتچى كۆزەينەك تاقىۋېلىشى لازىم.

10. ئوت كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىش مەيدانىدا بۇس تارتىش قۇرۇلمىسى بولۇشى، تاماكا چەكمەسلىك لازىم. (02)

# پاتقاق گازى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

رەھمۇتۇللا ئابدۇۋەلى نۇرگۈل ئابلا ئاينۇر قاھار
(توقسۇ ناھىيە ئىچېرىق يېزا پايس مەدەنىيەت مەركىزىدىن)

1. پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ ماتېرىيال كىرگۈزۈش ھەم ماتېرىيال چىقىرىش ئېغىزىغا ياپقۇچ (قاپقاق) بېكىتىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

2. پاتقاق گازى كۆلچىكىگە ماتېرىيال سالغاندا، تەركىبىدە فوسفور مول بولغان ماتېرىياللار ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى سېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

3. پاتقاق گازى كۆلچىكىگە سۇ قۇيۇپ بېسىمنى سىنىغاندا، سۇنى مۇۋاپىق مىقداردا قۇيۇپ، كۆلچەكنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ گاز باشلاش تۇرۇبىسىنىڭ ئېغىزىغا ۋە ماتېرىيال چىقىرىش ئېغىزىغا ئوت يېقىپ گازنى سىناشقا قەتئىي بولمايدۇ.

5. پاتقاق گازى بىلەن تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياققاندا، گازنىڭ ۋېكلىيۇچاتېلنى بەك چوڭ ئېچىۋېتىشكە بولمايدۇ.

6. ئەگەر ئۆي ئىچىدە سېسىق تۇخۇم پۇرىقىدەك پۇراق چىقسا، دەرھال ئىشىك، دېرىزىلەرنى چوڭ ئېچىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

7. ئەگەر پاتقاق گازى كۆلچىكىگە چۈشۈپ كۆلچەكنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش ياكى پاتقاق داشقىلىنى تازىلاشقا توغرا كەلسە، چوقۇم بىخەتەرلىك ھەم ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن: (1) ھەرىكەتچان قاپقاقنى ئېچىپ، گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ئېلىۋېتىپ، ماتېرىيال كىرگۈزۈش ئېغىزى، ماتېرىيال چىقىرىش ئېغىزى، گاز باشلاش تۇرۇبىسىنىڭ ئېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھاۋاسىنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇش ياكى شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق كۆلچەكنىڭ ھاۋاسىنى تولۇق ئالماشتۇرۇش كېرەك؛ (2) كۆلچەككە كىرگەن ئادەم چوقۇم بىخەتەرلىك ئارغامـ

# ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقىنى يىغىپ ساقلاش ئۇسۇلى

ئايشەمگۈل تاش تۇرسۇنئېلى
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)

ئوت ـ چۆپ گۈلىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى ئۇزۇن، ئۇرۇقىنىڭ پىشىش مەزگىلى بىردەك بولمايدۇ. يىغىش ۋاقتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ پىشىشى سۈتلىنىش مەزگىلى، موم پىشىش مەزگىلى ۋە تولۇق پىشىش مەزگىلىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇرۇق تۆرەلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى سۈتلىنىش مەزگىلىدە تاماملىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى يېشىل، يۇمشاق، سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ. سۈتلىنىش مەزگىلىدە ئۇرۇق تويۇنمىغان، بىخلىنىش نىسبىتى ۋە مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

موم پىشىش مەزگىلىدە ئۇرۇق موم ھالەتتە، سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، بەزى ئۇرۇقلاردا يېشىل رەڭلىك داغلار بولىدۇ. بارماق بىلەن باسسا ئۇرۇق ئېزىلىدۇ. تولۇق پىشىش مەزگىلىدىكى ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتى ياخشى، مىڭ دان ئېغىرلىقى، بىخلىنىش نىسبىتى ۋە مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئۇرۇق يىغىۋېلىشنىڭ مۇۋاپىق مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماشىنا بىلەن يىغقاندا داننىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن موم پىشىش مەزگى-

---

چىسىنى مەھكەم باغلاش، كۆلچەكنىڭ سىرتىدا مەخسۇس ئادەم مەشغۇلات ئاخىرلاشقىچە باشتىن ـ ئاخىر قاراۋۇللۇق قىلىش لازىم؛ (3) كۆلچەككە كىرىپ مەشغۇلات قىلغۇچى چوقۇم بىخەتەرلىك قول چىرىغى ئىشلىتىش، چاقماق، سەرەڭگە قاتارلىق تېز ئوت ئالىدىغان نەرسىلەرنى كۆلچەككە ئەكىرمەسلىك ھەم ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. (4) كۆلچەككە كىرىپ مەشغۇلات قىلغاندا، ئالدى بىلەن مۈشۈك ياكى ئىت قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ سىناپ كۆرۈش، ئەگەر نورمالسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىسە ئاندىن ئادەم كۆلچەك ئىچىگە كىرىپ مەشغۇلات قىلىش، يالغۇز مەشغۇلات قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. (05)

لىدە يىغىش لازىم. ئادەتتە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى باـ
شاقنىڭ %40 ـ %50 تى سارغىيىشقا باشلىغاندا، يۇرچاق ئائىلىسىدىكى
ئوت ـ چۆپلەرنى چوكا مېۋىسىنىڭ %60 ـ %70 تى سارغۇچ رەڭدە ياكى
قوڭۇر رەڭدە بولغاندا يىغسا بولىدۇ. يىغىۋالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا دېنىنى
ئايرىپ، قۇرۇتۇپ، ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقىنىڭ تېرىلىش سۈپىتى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ـ
قىسقا بولۇشى ئۇرۇق ساقلىنىشىنىڭ ياخشى ـ ناچار بولۇشى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك. ساقلىنىش جەريانىدا ئۇرۇقتا بىر تۈرلۈك فىزىيولوگىيەـ
لىك، بىيوخىمىيەلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەم ئۇرۇقنىڭ ئۆزگىرىشى نەمـ
لىك، تېمپېراتۇرا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇرۇقنى قۇرۇتـ
قاندىن كېيىن مۇۋاپىق مۇھىتتا ساقلاش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇـ
رۇقنىڭ ئەلا خۇسۇسىيەت ئالامىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئۇرۇق
ساقلاش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش
كېرەك: ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۇرۇقىنىڭ ئامبارغا
كىرگۈزگەن ۋاقىتتىكى نەملىكى %15 دىن تۆۋەن بولۇشى، يۇرچاق ئائىـ
لىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۇرۇقىنىڭ نەملىكى %13 دىن تۆۋەن بولۇشى
كېرەك؛ ② ئۇرۇقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن تاللاپ، تەكشۈرۈپ،
دەرىجىگە ئايرىپ، ئارىلاشما، ناچارلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، دەرىجە بويىچە
ئايرىم ساقلاش كېرەك؛ ③ چوڭ دانلىق ۋە چېچىلاڭغۇ بولمىغان ئۇرۇقلارـ
نى ئېگىزلىكى 1.5 ـ 2 مېتىر ئارىلىقتا دۆۋىلەپ، ساقلىسا بولىدۇ، كىـ
چىك دانلىق ۋە چېچىلاڭغۇ بولمىغان ئۇرۇقلارنى كاناپ تاغارغا قاچىلاپ
ساقلاش كېرەك؛ ④ ئۇرۇقنى ساقلاش مەزگىلىدە چوقۇم دائىم تەكشۈرۈپ،
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نەملىشىپ قېلىش، تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېـ
تىشتىن ساقلىنىش، ھاشارات ۋە چاشقان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ
يوقىتىش كېرەك. (05)

# شەرەپ قۇچقان قابىل دېھقان كارخانىچى

**ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش**
(«خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن 848000)



مەن ھەر قېتىم قەدىمىي شەھەر خوتەننىڭ مەركىزى بولغان، گۈلباغ رەستىسىدىكى چوڭ يولنىڭ بويىدا يېڭىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ۋە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بەش قەۋەتلىك «ئالتۇن يۇلتۇز» سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا ئەقىل - پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، كۆزقارىشى يېڭى، تەپەككۇرى جۇشقۇن، يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بىر جاسارەتلىك، قابىل دېھقان كارخانىچىنىڭ نۇرانە سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ كىشى كىم؟ ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شىنجاڭ ئالتۇن زېمىن ئۆي - مۈلۈكچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» نىڭ باش مۇدىرى، مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى خوجىئابدۇللا ھاجىمدۇر. ئۇ قانداق قىلىپ بۇنداق شان - شەرەپلەرگە نائىل بولالىدى؟ ئۇنىڭ ئالتۇن يۇلتۇز

سودا بىناسى خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدە قانداق جۇلالاپ چاقنىدى؟ بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز نەزەرىڭىزنى تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارغا ئاغدۇرغايسىز. مەن يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يېقىندا ئەل سۆيەر ھەم يىراقنى كۆرەر، مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى خوجىئابدۇللا ھاجىمنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئاخباراتقا ئېرىشتىم.

ــ مەن 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان خىلۋەت ماكان ــ خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. مېنىڭ ئاشۇنداق چەت ياقا جايدا سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىگىلىك تىكلىشىم، بۇگۈنكىدەك كاتتا بايغا ئايلىنىشىم پارتىيەنىڭ ئەۋزەل سىياسىتى ۋە يېڭى دەۋرنىڭ شاپائىتىدىن بولدى ـ دېدى، ئۇ ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. غوجىئابدۇللا ھاجىم كىچىكىدىنلا ئىنتايىن ئەقىللىق ھەم زېرەك بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئاشۇ چاغلاردا «كۇنلىرىم شەھەر بىلەن ئارىلىقى 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى بولمىغان بۇ خىلۋەت ماكاندا ئۆتۈشكە پۈكۈلگەنمۇ؟ تەقدىرىمىزدە ئۆزگىرىش بولماسمۇ؟» دېگەندەلەرنى ئويلايتتى. ئۇ بۇ سوئاللارغا ئاخىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن جاۋاب تاپتى.

دەسلەپتە ئۇ بۇ يېزىدا سودا بازىرى قۇرۇلغانلىقىدەك پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئازغىنە دەسمايە بىلەن يايما ئېچىپ مىلچ مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن خوتەندىن ئۇرۇمچىگە گىلەم يۆتكەپ سېتىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن ئۇچۇر ئىگىلەشكە، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بازارنى ئىنچىكە كۆزەتتى. ئۇنىڭ كەمتەر، چىقىشقاق مىجەزى، سودىدىكى ئادىل مۇئامىلىسى كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى. ئۇ سودىدا روناق تاپقانسېرى نەزەرىنى ئىچكى ئۆلكە بازارلىرىغا قارىتىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىچكى ئۆلكە بازارلىرىدا يىپەك رەخت ۋە يىپەك ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بۇ

مەزگىلدە يەنە نۇرغۇن چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن تونۇشتى. سودا جەر ـ يانىدا سەمىمىي، ئادىل بولۇشتەك پوزىتسىيەسى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى ھەمدە خاڭجۇ شەھەردىكى جۇڭگو ـ گېرمانىيە بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان يىپەك ئىلمە توقۇلما بۇ ـ يۇملىرى زاۋۇتى بىلەن توختام تۈزۈپ، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان بارلىق تاۋارلارنى سېتىۋالدى ۋە بۇ ماللارنى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، پا ـ كىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ چىقىپ سېتىپ، بۇ سودىدىن كۆرۈ ـ نەرلىك پايدىغا ئېرىشتى. كېيىنچە تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىسپا ـ نىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمە توقۇلما ماللارنى توپ تارقىتىش ئورنى قۇ ـ رۇپ، ئۇ جايلاردىكى يىپەك ئىلمە توقۇلما ماللارنىڭ سودىسىنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇردى، ماڭغانسېرى ئۇنىڭ يولى كېڭەيدى. ئۇ يەنە شاڭخەي «دافېڭ» ماشىنا سايمانلىرى گۇرۇھى بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۈرۈمچىدە شاڭخەي «دافېڭ» ماشىنا سايمانلىرى تىجارەت ئورنىنى قۇرۇپ، زەنجىر سىمان تىجا ـ رەتنى يولغا قويدى. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، خوتەن ۋىلايەتلىك مۇھاجىرلار «دوستلۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» نى قۇرۇپ، ئىم ـ پورت قىلىنغان ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى تى ـ جارىتىنى يولغا قويۇپ، خوتەندە ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوموبىلنىڭ زاپچاس ـ لىرى كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. غوجىئابدۇللا ھاجىم ئۇزۇن يىللىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تاۋلىنىپ قابىل بىر سودا مۇ ـ تەخەسسىسىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول سودا تەجرىبىسىگە ۋە سودا سا ـ ھەسىدىكى ئىناۋەتكە تايىنىپ نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەر دائىم ئويلايدىغىنى يەنىلا ئانا يۇرت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمەلىي ئىش قىلىپ، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈ ـ چۈن تۆھپە قوشۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بارلىق مەبلىغىنى خوتەنگە يۆتكەپ كېلىپ، خوتەندىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئۈچۈن ئىگە ـ لىك تىكلەش يولى ئېچىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پىلان ۋە قارارىنى ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرگە ئېيتقاندىن كېيىن، خوتەن

ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، غوجىئابدۇللا ھاجىم تۇرسۇنتوختى ھاجىم ۋە ئابدۇخېلىل قاتارلىق بىر تۇغقانلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 2002 ـ يىلى ئەتىيازدا خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى گۈلباغ رەستىسىگە ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان يۇرۇشلەشكەن بەش قەۋەتلىك «ئالتۇن يۇلتۇز سودا بىناسى»نىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتى. ئۇ بۇ بىنادىكى سودا دۇكانلىرى ۋە پوكەيلەرنى ئىجارىگە بېرىشتە ئالدى بىلەن جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالغانلار، شۇنىڭدەك ئاجىز، مېيىپلارغا ئېتىبارەن ئىجارىگە بەردى. ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ھەم مېيىپلاردىن بولۇپ 100 نەپەردىن كۆپرەك كىشىنى ئۆز شىركىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە بۇ بىنادا تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ بىنانىڭ شەرقىي تەرىپىگە يەنە 10 مىڭ كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىككى قەۋەتلىك بىتون قۇرۇلمىلىق سودا ئورنى قۇرۇپ، تىجارەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ، سودا ئىشلىرىنى ئۈزۈكسىز گۈللەندۇردى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، پاكىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ساياھەتكە چىقىپ، نەزەر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى، كۆزى تېخىمۇ ئېچىلدى، ئانا يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسى ئۈزۈكسىز كۈچەيدى. ئۇ 2010 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە 80 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى مەدەنىيەت يولىنىڭ بويىغا ئومۇمىي كۆلىمى 36 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان گۈلباغ سودا سارىيى بىناسىنى سېلىپ ئىشقا كىرىشتۈردى. ئۇ بىناغا يەنىلا جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ھەمدە ئىش ئورنىدىن قالغانلار بولۇپ 1500 نەپەردىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن قولايلىق ئىمكانىيەت ياراتتى.

غوجىئابدۇللا ھاجىم نۆۋەتتىكى كەسكىن بازار رىقابىتىدە داۋاملىق مەز-

مۇت پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن پەن - تېخنىكىغا، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، مەتتۇرسۇن ئاۋۇت قاتارلىق جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا پىشقان، تەجرىبىسى مول، بىر تۈركۈم يارامىلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى شىركەتكە تەكلىپ قىلىپ، شىركەت رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەرنىڭ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىركەتنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ شىركەت كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىر گەۋدە قىلغان، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل، بىخەتەرلىك تەدبىرى كۈچلۈك بولغان، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئىچىدە مەدەنىي، تىنچ - ئىناق، روناق تاپقان چولپان كارخانىغا ئايلاندى.

غوجىئابدۇللا ھاجىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، گۈزەل يۇرت ماكان قۇرۇش» توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 2012 - يىلى 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ «مەرھابا يولى» خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، يەر ئاستى شەھەرچىسىنى قۇرۇپ، 300 كىشىلىك تىجارەت دۇكىنى بەرپا قىلىپ، خوتەن شەھىرىدىكى جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان تىجارەتچىلەرنىڭ سودا سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

غوجىئابدۇللا ھاجىم پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ خوتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، يېڭىدىن كارخانا قۇرغان ياش كارخانىچىلارغا مەدەتكار بولدى.ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان بىرقانچە قېتىملىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تىجارەتكە كىرىشىش جەريانى ۋە سودا ئىشلىرىدىكى مول تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ،

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەش ھەمدە كارخانا قۇرۇشقا ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. ئۇ يەنە يۇقىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنىسى تۇرسۇنتوختى ھاجىم بىلەن بىرلىكتە 2011 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆز يېنىدىن تۆت مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ، خوتەن شەھىرىدىكى گۈلباغ سودا سارىيىنىڭ 4 ـ قەۋىتىدە كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى، كىتاب ئامبىرى، مۇلازىمەت كۆزنىكى، كۇتۇپخانا، كىتابخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئومۇمىي كۆلىمى 310 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان «ئىنساب ـ ئىزدىنىش كىتابخانىسى» نى قۇردى. ① ئەل ـ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن غوجىئابدۇللا ھاجىم 2013 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نوپۇسى خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە بولغان، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقانلاردىن ھەر يىلى 10 نامرات ئوقۇغۇچىغا (ھەر بىرسىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3200 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئۈچۈن) مەخسۇس ئومۇمىي ياردەم فوندى تەسىس قىلىپ، بۇ ھەقتە مەكتەپ تەشكىلى بىلەن بۇ ئىشنى 10 يىل داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، بۇ ئىشنى شۇ يىلىلا ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئۇ يەنە بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 56 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب، ماتېرىيال، بېقىش راسخوتىنى تۆلەپ بېرىشنى 10 يىللىق ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى؛ ② غوجىئابدۇللا ھاجىم يەنە 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى كىتاب ئوقۇش بايرىمى مەزگىلىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «كىتابنى كۆپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش فوندى» تەسىس قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۇدا 10 يىل داۋاملاشتۇرۇشنى پىلانلاپ، مەكتەپ بىلەن توختام تۈزدى ۋە بۇ ئىشنى شۇ يىلىلا ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ ③ غوجىئابدۇللا ساۋۇر 2014 ـ يىلى

6 - ئايدا خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزا ئاتېشى كەنتىدىكى 15 نامرات ئائىلىگە 20 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن مەرىپەتپەرۋەر جاسارەتلىك كارخانىچى غوجىئابدۇللا ھاجىم ئىنىسى تۇرسۇنتوختى ھاجىم بىلەن بىرلىكتە 2003 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىن بىر قىسىم ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا «ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، گۈزەل يۇرت ماكان قۇرۇش» توغرىسىدا ھەمدە «بۈگۈنكى دەۋردە كارخانىچىلار قانداق ساپا ھازىرلىشى كېرەك» دېگەن تېمىدا مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، خوتەندىكى كارخانىچىلار ۋە ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

غوجىئابدۇللا ھاجىم 2013 - يىلى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سودا ئىشلىرىدا قەدەمنى تېخىمۇ چوڭ ئېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يەر سېتىلىپ، تىجارەت دائىرىسىنى ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە كېڭەيتتى.

ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنى قەلبىگە پۈككەن شجائەتلىك كارخانىچى غوجىئابدۇللا ھاجىم بېيىغاندا مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشنى، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم - يېسىرلار ۋە نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇشنى ئۇنۇتمىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن نەخ پۇل ۋە 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ قولغا كەلتۈرگەن يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، «ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس»، «ساخاۋەتلىك كارخانىچى» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە خەلق مۇناسىپ باھا بەردى. (05)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**60 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلاردىن باشقا قانۇن ـ نىزاملاردا مەمۇرىي جازا بېرىش بەلگىلەنگەنلىرىگە شۇ بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىسمانىي جەھەتتە، مال ـ مۈلۈك جەھەتتە ياكى باشقا جەھەتتە زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**61 ـ ماددا** دۆلەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلمىغان ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان ۋە ياكى ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچى، پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلىرىنى ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**62 ـ ماددا** ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەردىن ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلمىغانلىرى ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توسىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش شەكىللەندۈرگەنلىرىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

**63 ـ ماددا** مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەردىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلىرىنى مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ. مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە تەن جازاسى، شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بەرگەنلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقىنى ھاقارەتلەيدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرىنى ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ. (05)

# رۇبائىيلار

ئابدۇللا روزىمۇھەممەت
(قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزىلىق پارتكومدىن 848100)

1

ئەقىللىق ئادەمدۇر ــ ھارامدىن قاچقان،
ئۆز نەپسى ئۆزىگە بالا بولمىغان.
قىلىدۇ يۇزۇڭنى ھامىنى سۆرۇن،
تېرىقتەك نەپ بەرگەن ئىبلىس ئاغمىخان.

2

ئەجدادلار نامىنى پەش قىلىپ ھامان،
چۇشمەيدۇ قولۇمدىن ھەرقاچان دىۋان.
مەرىپەت، ھەق، ۋىجدان، غۇرۇردىن... سۆزلەپ،
دائىما غەپلەتتە ياتقىنىم ياتقان.

3

ھە دېسە ئۆزگىگە باھا بېرىمىز،
باشقىنىڭ ئەيىبىنىلا كۆرەر كۆزىمىز.
ئەينەككە قارىساق يۇزىمىز قارا،
ۋە لېكىن، تۆپىلەپ ئەگىلىك ئېتىمىز.

4

باسمايمىز ھېچقاچان بىكار بىر قەدەم،
يەتكۇزۇپ ئۆزگىگە ئەرزىيەت، ئەلەم.
جىلە بوپ نەچچىلەر قان قۇستى، بۇندا،
قىززىق ئىش بىز ساپساق، ھايات ھېلىھەم.

5

ئۆسەك گەپ ئوخشايدۇ تورغاققا گويا،
سۇرئىتى شۇنچە تېز گوياكى ئوقيا.
ئۆزگىگە ئەرزىيەت يەتمىسۇن دېسەڭ،
ئېغىزىڭ چىڭ تۇتقىن، بول ياكى «گاچا».

6

ئۆزۈڭگە يۇقتۇرماي بىرەر ئېغىز گەپ،
يۇرىيسەن ئۆزگىنى دائىم ئەيىبلەپ.
بىر يۈزدە پىشمايدۇ نانمۇ ھېچقاچان،
بۇ تۇرمۇش قايتۇرار ساڭا ھەسسىلەپ.

7

ئادەمنىڭ زىننىتى ئەخلاق، ئار ـ نومۇس،
يوقاتماي ۋىجداننى ياشىغىن دۇرۇس.
گەر ۋىجدان غۇرۇرنى يوقاتساڭ پۇلچۇن،
ئەۋلادىڭ سېنىڭدىن قىلىدۇ نومۇس.

8

يامانغا بىر قېتىم چاپان ياپساڭ گەر،
سەن ئۇچۇن يېقىندۇر خەۋپ ۋە خەتەر.
قازانغا يولۇقساڭ يۇقار قارىسى،
بۇ بىزگە ئەجدادتىن قالغان ئەڭگۈشتەر.

9

ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ ئالتۇندۇر تېگى،
ئىلىمسىز نادانىڭ يوقتۇر كېرىكى،
ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ تاپمىساڭ ئىقبال،
يورىماس ھېچقاچان ئىقبال چىرىغى. (02)

# دېھقان

جىدام، بە دانىشتا ھېچكىم سەنچىلىك مەزمۇت ئەمەس دېھقان،

ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئەھلى جاھاننىڭ ھالى تەس دېھقان

ئۇلۇغسەن، كائىناتتا - توقلۇق، مەئىشەتكە تەمىنلىگەر سەندۇر،

ئۆزۈڭ بولغاچ، جېنىڭ ئاتەش، ئۈستىدە ئىشىم ئۆكسىمەس دېھقان.

خېنىمنىڭ ئۆسمىسى سەندىن، غوجامنىڭ يوسمىسى سەندىن،

سېنىڭ ھاتەم مىجەزلىكىدە خەزىنىلىق لېپىۋەس دېھقان.

روزى سايىت شېئىرلىرىدىن، ئۆتكۈر قۇربان يازغان.

# دېھقان

# دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز !



مىرسېتىروۋەر دېھقان كارخانىچى خوجىئابدۇللا ساۋۇر بىلەن شىركىتىدىكى خادىملار ۋە بىر قىسىم مۇخبىرلاردىن خەلقىمىزگە بايراملىق سالام

مۇھەممەتجان تاشتۆمۈر فوتوسى ۋە خەۋىرى


农村科技

(月刊)

يېزا پەن ـــ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ــ 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016